ئاسىم باقى ئوغلى

# خۇنرىزلىك



تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

20

شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ (١٩٤٤-
١٩٤٩) يىللاردىكى ئوردېن-مېداللىرى.



ئازادلىق I-دەرىجە



ئازادلىق II-دەرىجە



ئىستىقلالىيەت ئۈچۈن ئوردېنى
I-دەرىجە





ساداقەت



ئىستىقلالىيەت ئۈچۈن ئوردېنى
II-دەرىجە




باھادىرلىق



ئاپتور ئاسىم باقى

ئاسىم باقى ئوغلى

# خۇنرىزلىك

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

ئاسىم باقى ئوغلى

# خۇنرىزلىك

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى
2004 - يىل 8 - ئاي ئىستانبۇل

Dagıtım
Yeniogan mh 41· sok No: 7/4
Zeytinburnu – ist

Baskı – Cilt: Bayrak Matbası
İstanbul, Eylül 2004
Ucretsiz Dagitilacktir

## مۇندەرىجە

نەشرىياتتىن ........................ 5
مۇھەممەد سالىھ ھاجىمنىڭ بىغىشلىمىسى ... 7
كىرىش سۆز ........................ 25
مۇقەددىمە ........................ 31
خۇنرىزلىك ........................ 37
ئېلىخان تۆرەمنىڭ بىر نۇتقى ........... 91

## مۇھەممەد سالىھ ھاجىمنىڭ بىغىشلىمىسى

**ئاسىيە قىتئەسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان گۈزەل ۋەتىنىمىز شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستانلاردا يىگىرمىنچى ئەسىردە يۈرگۈزۈلگەن سىياسىي ئۆزگىرىشلەردىن قىسقىچە خاتىرە**

دۇنيا خەلقىگە زىت «ماركس، ئېنگىلىسلەر» ئىجادى زەھەر، شۇمبۇيا كوممۇنىزم ناملىق بالايىئاپەت رۇسىيەدە لېنىن ئۆكتەبىر ئىنقىلابى نامى بىلەن بولشۋىكلەر تەرىپىدىن بەك دەھشەتلىك ھالدا يۈرگۈزۈلۈپ، نۇرغۇنلىغان رۇس مىللەتلىرىنى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى ئۆزبېك، تاتار، تاجىك، ئۇيغۇر، قىرغىز، قازاق، چېچەن قاتارلىق تۈرك ئىرقىدىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنى ۋەھشىيلەرچە قىرغىن قىلىپ زىندانلاشتۇرۇپ مال-مۈلۈكلىرىنى بۇلاپ - تالاپ مۇسادىرە قىلىپ ئاچ - يالىڭاچ چارەسىز قالغان بىگۇناھ ئىنسانلارنى قاتتىقلىق بىلەن قورقۇتۇپ، ئېغىر جەبرى - زۇلۇملار ئاستىدا بارسا كەلمەس ئۆزاق جايلارغا سۈرگۈن قىلىپ،

گۆرجەك، تاياق ـ توقماق، كالتەك ـ چوماقلىرى بىلەن خىتاي چېرىكلىرىنىڭ ئەبجىقىنى چىقىرىپ، نۇرغۇنلىغان شەھىدلىرىمىزنىڭ ئاققان قانلىرى بەدىلىگە كاشغەر ۋىلايىتىدە 1933 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى داموللا سابىت ئىبنى ئابدۇل باقى، خوجىنىياز ھاجىم، زەرىپ قارىھاجىم، موتەپەككۇر مۇجاھىد مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ۋە جاسارەت ـ شىجائەتلىك مەھمۇد مۇھىتى باشلىق ئىنقىلابىي رەھبەرلىرىمىزنىڭ باشچىلىقىدا شەرقىي تۈركىستان خەلقلىرىنىڭ بىرلىك ئىتتىپاقى ساداقەتلىرى نەتىجىسىدە مۇبارەك «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلۇپ، ئاي يۇلتۇزلۇق ئاسمانرەڭ كۆك بايرىقىمىزنى تىكلەپ شەرقىي تۈركىستان ئاسمىنىدا جەۋلان قىلغان ئىدى.

دۆلەت گىربى، نىزامنامە، قانۇن ماددىلىرى بويىچە مۇنتەزىم مىللىي قوشۇنلىرىمىز كۈچەيتىلدى، نازارەتلەر قۇرۇلدى، مائارىپ نازارىتى ئاقارتىشلىرى ئۇيۇشتۇرۇشنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىلىم ـ مائارىپ، بىلىم ئىشىكلىرى ئېچىلىپ جاھالەت قاراڭغۇلۇقىدىن قۇرتۇلۇپ، نۇرغۇنلىغان ياش ئۆسمۈرلىرىمىز يېڭى ئەسرىي مەكتەبلەردە قىزلار سىنىپى، ئوغۇللار سىنىپىدا مۇھىم دەرسلىكلەر ھازىرلىنىپ ئىلىم ـ بىلىم ئۆگىنىشكە كىرىشىپ كەتتى، باشلانغۇچتا مەكتەپلەر،

ئەسلىگە كېلەلمەيدىغان دەرىجىدە ۋەيران قىلىنۋەتكەنلىكى دۇنيا خەلق ئاممىسىغا ئايانىدۇر.

سۈرگۈندىكى ئىنسان ئەۋلادلىرى تاكى ھازىرغىچە ۋەتەنسىزلىك دەرد - ئەلەملىرى ئىچىدىن چىقالماي ۋەيرانچىلىقلاردىن قۇرتۇلالمايۋاتقانلىقى ھەرقانداق ئىنسانىنى ئېچىندۇرىدۇ. لېنىن، ستالىنلار باشچىلىقىدىكى بۇ قەبىھ بۈيۈك جىنايەتلەر ئۇنتۇلماس خاتىرە بولۇپ، تارىخ سەھىپىلىرىگە يېزىلدى.

## شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈلگەن پاجىئەلەر

ئوغۇز، ئۇيغۇر، ئاتىللا، چىڭگىزخان ئەۋلادلىرى تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ ئانا ماكانى مۇقەددەس ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان خەلقلىرىنىڭ تارىخىي قان دۈشمىنى مۇستەبىت قاراختىاي ھاكىمىيەتلىرىنىڭ چېكىدىن ئاشقان زۇلۇم، ئازاب - ئوقۇبەتلىرى، ئۇستى - ئۇستىلەپ تۆلەيدىغان باج - خاراج، ئالۋاڭ - سېلىقلىرى دەستىدىن چىدىغۇچىلىكى قالمىغان قورالسىز دېھقانلىرىمىز «بىسمىللاھ» دەپ قۇمۇل ۋىلايىتىدە قوزغىلىپ خوجىنىياز ھاجىم باشچىلىقىدىكى قەھرىمان رەھبەرلىرىمىزنىڭ جاسارەتلىرى بىلەن بىرلىك ئىتتىپاقىنى مۇستەھكەملەش نەتىجىسىدە تېز سۈرئەت بىلەن كەڭ قانات يېيىپ جەڭ مەيدانلىرىدا ئارا،

چۆچۈپ كەتكەن هالدا بۆرە تېرىسىنى كىيىپ تاجاۋۇزچىلىق مەيدانىغا ئۆتۈپ دۇنيا دۆلەتلىرىنىڭ سىياسىي قانۇنلىرىنى دەپسەندە قىلىپ بىپەرۋالىق بىلەن 1934-يىلىنىڭ قىش پەسلىدە ئاتۇش ناهىيىسىنىڭ شىمالىدىكى تۇگۇرمىتى تاغ چېگرىمىزدىن نۇرغۇنلىغان تانكا، ئېغىر تىپتىكى زەمبىرەك ۋە زامانىۋىي قوراللانغان قىزىلكۆز قىزىل ئارمىيىسىنى كۆپ مىقداردا يېتەرلىك ئۇرۇش ئەسۋاپلىرى بىلەن بۆسۈپ كىرگۈزۈپ هاۋادىن هەم قوش قاناتلىق ئايروپىلانلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ، سان - ساناقسىز قۇربانلىرىمىز بەدىلىگە قولىمىزغا كەلگەن ئىنقىلابىي هەربىي قوشۇنلىرىمىزنى باستۇرۇپ، ۋەھشىيانە قىرغىنچىلىقلار يۈرگۈزۈپ، ياپونىيەدە ئوقۇپ كوممۇنىزم مەسلىكىنى تاللاپ ستالىننىڭ شەپقىتىنى كۈتۈپ يۈرگەن خىتاي مىللىتىدىن چىققان سېتىلما ئەبلەخ شىڭ شىسەينى قوللاپ قۇۋۋەتلەپ (ئىچكەن قەسەم، بەرگەن ۋەدىلىرىگە ئىشەنگەن قىزىل هاكىمىيەت) 1935 - يىلى ئالتە بۈيۈك سىياسەت ناملىق هۆكۈمەت تەشكىل قىلىپ، بۇ قانخور شاگىرتىنى تەختكە ئولتۇرغۇزدى. ئۇستازىنىڭ تەلىماتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بەدىنىدىكى تۇغما ئىپلاسلىق تەبىئىتى ۋە ئاتا - بوۋىسىدىن مىراس بولۇپ كېلىۋاتقان زالىملىق، قانخورلۇق كەسپىنى دەستۇر قىلىپ، تۈرلۈك هىيلە -

سىنىپلار يېتىشمەي قالدى، بۇ قىيىنچىلىقلار ھەل بولدى، ياشلار تەلىم - تەربىيە مەكتەپلىرى، ساۋاتسىزلارغا كەچ كۇرسلىرىمۇ ئېچىلدى.

گېزىت، ژورنال، ئۇيغىنىش تەشۋىقات - تەرغىباتلىرى ئەۋج ئالدى. روھىي ھالەتلىرىمىزدە ئالاھىدە يۈكسىلىش، تەرەققىياتلىرىمىزدا گۈللەپ ياشناش سۈرئەت بىلەن ئىلگىرىلەش، بەزەن ئاز سانلىق خوراپات پاتقاقلىقىغا پېتىپ كەتكەن، كونىلىقلار قان تومۇرلىرىغا سىڭىپ كەتكەن جاھىل مۇتەئەسسىپ ئۇنسۇرلارنىڭ نارازىلىقلىرىغا بەزى جايلاردا توسقۇنلۇقلىرىغا ئۇچراش ھادىسىلىرىمۇ كۆرۈلۈپ كاشغەر ۋىلايەتلىك ئاقارتىش ئۇيۇشما رەئىسى ئابدۇراھمان ھاجىمنىڭ ئىلىم - ئىرپان، زامانىۋىي پەن - تېخنىكىغا بولغان ئېھتىياجىمىز توغرۇلۇق كەڭ كۆلەملىك تەشۋىق - تەرغىبلىرى ۋە ھەم گېنېرال مەھمۇد مۇھىتىنىڭ بېسىم قىلىشى بىلەن توسقۇنلۇقلار تۈگىدى، يېمىرىلدى.

مۇستەقىللىقىمىز يولىدا دۆلەت ئاپپاراتلىرىدا بۈيۈك نەتىجىلەر، تاشقىرى دۆلەتلەر بىلەنكى ئالاقە، مۇناسىۋەتلەر (شەرقىي تۈركىستاننىڭ خەزىنە بايلىقلىرىغا كۆزى چۈشۈپ ئەتراپلىق چارە - تەدبىرلەردە بولىۋاتقان سوۋېت قىزىل ھاكىمىيىتىنىڭ رولچىسى ئۇچچىغا چىققان قانخور ستالىن قاتتىق

جاھانگىرلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان دۆلىتىنى ئاغدۇرۇۋېتىش ئۈچۈن شىڭ ھۆكۈمىتىگە بەرگەن قورال - ياراق، ياردەم قەرزلىرىنى ستالىننىڭ تەلىماتىغا ئاساسەن بىگۇناھ يوقىتىلغان خەلقىمىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىدىن مىراس قالغان ۋە بىر ئۆمۈر ھاياتىدا ئېغىر جەبرى - جاپالار بىلەن تۇرمۇش ھاياتىنى نورمال ھالدا ئۆتكۈزۈشكە ئىشلىتىدىغان ئىقتىساد، مال - مۈلۈكلىرىنى مۇسادىرە قىلىپ، بۇلاپ - تالاپ، يىغىپ ئېلىپ تۆلىگەن!

چاررۇسىيەنىڭ بايلىقلىرىنى يىغىۋېلىپ يەپ تويمىغان قەلەندەر غالجىر ئىت ستالىن پۈرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ۋەتىنىمىزنىڭ تۈگىمەس - پۈتمەس خەزىنىلىرىگە كەلگۈسىدە ئىگە بولۇش پىلانى ئاسانلا ھەل بولۇپ، ئىگىسىز قالغان (شىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى) ئالتاي تاغلىرىدىكى ئېسىل مەدەن ئورانيوملىرىمىزنى قېزىپ ئېلىش ئۈچۈن ھېچ بىر تەپ تارتماي يېتىشكەن ئىنژېنېرلىرىنى زامانىۋى قېزىش ئۈسكۈنە - جاھازلىرىنى يەرلەشتۈرۈپ مايتاغ، قارامايدىكى نېفىت مەنبەلىرىمىزگە ئالىي دەرىجىلىك موتەخەسسىسلىرى بىلەن بۈيۈك تىپتىكى زاۋۇتلىرىنى قۇرۇپ، تېز سۈرئەت بىلەن توشۇش كالۇنلىرىنى، ئەترەتلىرى بويىچە تەرتىپلەپ، توختىماي توشۇش ھەرىكىتى يولغا قويۇلۇپ، بىز جاھالەت پاتقىقىغا

مىكىر، ئۇسۇل - چارىلارنى قوللىنىپ مىللىي مۇناپىقلاردىن قادىر ھاجى جۇمبۇس، يۇسۇپجان، سوپى بەك ھاجىلار (ئۆزبېك)، پوق يەپ چوڭ بولغان مەۋلانوپ (قىرغىز)، قاتارلىق بىر تۇركۇم جاسۇسلار قوشۇنىنى تەشكىللەپ دەھشەتلىك بوران - چاپقۇنلۇق تۇتقۇن قىلىش جىنايى ھەرىكەتلىرىنى باشلاپ، ئىنقىلابىي رەھبەرلىرىمىزنى، ئالىملىرىمىزنى، مائارىپ ئەھلى مۇنەۋۋەر زىيالىيلىرىمىزنى، نوپۇزلۇق مۆتىۋەر زاتلىرىمىزنى، ئىقتىسادلىق بايلىرىمىزنى، چوڭ - كىچىك قاراپايىم كېچە - كۈندۈزلەپ تۇتقۇن، باسقۇنچىلىقلىرىنى شىددەتلىك ھالدا يۈرگۈزۈپ، سان - ساناقسىز گۇناھسىز ۋەتەنداشلىرىمىزنى جاھانگىرنىڭ قۇيرۇقلىرى، ۋەتەن خائىنى، مىللەت خائىنى، پانتۈركىست، پانئىسلامىست، ھىندىستان بىلەت ئالاقىسى بار بۇزۇق ئۇنسۇر دېگەنگە ئوخشاش ئويدۇرما بەدناملار بىلەن قولغا ئېلىپ، ئەۋلادلىرى چۇشىدە ئايرىلىپ كەتكەندەك، يوق بولۇپ كەتكەن ئاتا - بوۋىلىرىنى، قېرىنداشلىرىنى، يېقىن تۇغقانلىرىنى، يار - بۇرادەرلىرىنى بۇ مۇدھىش سىياسەت قورقۇنچلىقىدىن ئىزدەپ - سوراشقا ئىمكانىيىتى يوق، شۇ پېتى يا تىرىكى يا ئۆلۈكى يوق ھەسرەت- نادامەتلەر بىلەن ۋەيران بولۇپ كەتكەنلىكى ھەرگىزمۇ خاتىرىمىزدىن پەقەتلا ئۆچمەيدۇ. ئەلۋەتتە قىزىل

ئۇسۇل - چارىلەرنى ئىزدەپ 1945 - يىلى موسكۋادا «سوۋېت - خىتاي دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق شەرتنامىسى» ئىمزالىنىدۇ.

زۇرۇر تېپىلغاندا شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىسيانىنى باستۇرۇشقا سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنى كىرگۈزۈشكە ۋەدە بېرىدۇ. بۇ ئارىدا ئامېرىكا پرېزىدېنتى ترومېن خىتايدىكى باش ئەلچىسى ئارقىلىق جاڭ كەيشىگە بىر نەچچە مۇھىم ھۆججەتلەرنى تاپشۇرىدۇ. بۇ ۋەجھى بىلەن شەرقىي تۈركىستاننى زىلزىلىگە كەلتۈرىۋاتقان شىڭنىڭ چۈشى بۇزۇلۇپ، ئۇستازى ستالىندىن يۈزىنى ئۆرۈپلا جىددىي ھەرىكەتكە ئۆتۈپ، ئۇن ئىككى يىللىق ھاكىمىيىتى داۋامىدا توپلىغان ھەددى - ھېسابىسىز ئىقتىسادىي مەبلەغلەرنى تېز سۈرئەتتە يۆتكەش پىلانىنى تۈزۈپ، كۆچلۈك قوغدىغۇچىلىرىنى بىكىتىپ نەچچە يۈزلىگەن چوڭ تىپتىكى يۈك ماشىنىلىرىغا بېسىپ بىر كېچىدىلا تەختىنى تاشلاپ قېچىپ گومىنداڭ باشلىقى جاڭ كەيشى قويىنغا ئۆزىنى ئاتىدۇ - دە، بۇ كۆپ مىقداردىكى ئىقتىساد، بۇيۇك ئىنئاملارنى جاڭ كەيشى چۈشىدىمۇ كۆرمىگەن بولسا كېرەك. خۇشلۇقى ئىچىگە سىغماي خائىننى ئىسسىق قويىنغا ئېلىپ ئالىي ھۆرمەت، ئىززەت - ئىكراملار بىلەن مۇھاپىزەت قىلىپ

پىتىپ، غەپلەت ئۇيقۇسىغا قانمىغان ئىگىلىرىنى داغ - ھەسرەتتە قالدۇردى، ئەپسۇس، مىڭلىغان مىليونلىغان، ئورنىغا كەلمەيدىغان نادامەتلىك ئەپسۇس!

1939- يىلى دۇنيا ۋەزىيىتىدە پەيدا بولغان سىياسىي ئۆزگىرىش (ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى) گىتلېر ھاكىمىيىتىنىڭ پىلانلىغان يادرولۇق ئۇرۇشى غەلىبىلەر بىلەن ئالغا بېسىپ موسكۋانىڭ بوسۇغىسىغا تاقالغاندا ستالىن گىتلېر فاشىزمى موسكۋانىڭ يوسۇغىسىغا تاقالدى، بىزگە ئاللاھ يار، دەپ دۇنيا دۆلەتلىرىگە جاكارلاپ يېلىنىپ يالۋۇردى.

لېنىن ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبىسى بىلەن كۆرەڭلەپ ئاللاھ يوق، ماركسىزم - لېنىن باشچىلىقىدىكى كوممۇنىزم بۇ دۇنيانىڭ ياراتقۇچىسى، پۈتۈن دۇنيا پورولېتارىيات ئەللىرىنىڭ يېمىرىلمەس تۈۋرۈكى دەپ جار سالماقتا ئىدى.

گىتلېر غەلىبىسىدىن ئەندىشىگە چۈشكەن ئاتاقلىق دۆلەتلەردىن ئامېرىكا، ئەنگىلىيەلەر ستالىن بىلەن «يالتا كېلىشىمى» ئىمزالاپ، ئوق مەركەزلەشكەن دۇنيا تىنچلىقىنى ساقلاش بىرلىكى نامىدا گىتلېر ئۇرۇشىنى مەغلۇپ قىلىپ سوۋېت قىزىل جاھانگىرىنى قۇتقۇزىۋالدى.

ستالىن دۇنيالىق ئارزۇ، بۈيۈك مەنپەئەتلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈمىدىنى كۆچلەندۈرۈپ، تۈرلۈك

پـەرزەنتلىرىنىڭ ۋە جاسـارەتلىك مېھرىبـان ئانـا ـ ئانىلارنىڭ، دۇئاگويى، تەقۋادار، مۆتىۋەر زاتلارنىڭ ۋە تەجرىبىلىك ئىنقىلابى رەھبەرلىرىمىزنىڭ ئومۇمۇەن بىرلىك ئېھتىياق بىلەن جەڭگە ئاتلىنىپ، ئالىي غەيرەت ـ جاسارەتلىك ئىنقىلابىي نەتىجىسىدە ئىلى، ئالتاي، چۆچەك ۋىلايەتلىرىنى ئازاد قىلىپ، 1944 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈن غۇلجا شەھرىدە تەنتەنىلىك مۇراسىم ئېچىلىپ، بۇ يىغىندا «ئازاد شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى ئېلان قىلىنىپ، دۆلەت رەئىسلىكىگە ئالىم، تەببى ھازىق ئېلىخان تۆرەم، مۇئاۋىن رەئىسلىككە ھاكىمبەگ غوجا تەيىنلىنىپ، ھۆكۈمەت ئەزالىرى بەلگىلىنىپ، توققۇز ماددىلىق سىياسىي پروگراممىسى تۈزۈلۈپ، تەرتىپ نىزامنامىلىرىغا بىنائەن مىللىي مۇنتەزىم ھەربىي قوشۇنلىرىمىزنى قۇرۇپ، نازارەت، ئىدارە — جەمئىيەت، ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنى خەلق ئۇسۇلىدا سايلاپ، دۆلەتنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە خىزمەتلەر يۈرگۈزۈلۈپ، قەھرىمان مىللىي قوشۇنىمىزنىڭ پىدائىي قىسىملىرى، ئاتلىق ۋە پىيادە قىسىملىرىمىز جەڭگىۋارلىق بىلەن پىرونتلاردە تېز سۈرئەتتە غەلىبەسىرى ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئۇشتۇمتۇت ئۇرۇش ۋاقىتلىق توختىتىلىسۇن دېگەن شۇم

تاكى جەھەننەمگە كەتكۈچە ھېچ بىر دەخلى - تەئەررۇزغا ئۇچراتمىدى.

بۇ پۇرسەت گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنى شەرقىي تۈركىستاندا قايتا تىكلەشكە بەكمۇ ئاسان شارائىت يارىتىپ بەردى ـ دە، ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەيلا ئالتاي، مايتاغ، قاراماي لاردىن توشۇلۇۋاتقان خەزىنە بايلىقلىرىمىزنى توختىتىش ۋە قېزىپ چىقىرىش زاۋۇت، ئۈسكۈنە ـ جىھاز، ئەسۋابلىرىنى قومۇراپ يۆتكەپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلدى. ئۆزىنى شىر ھېسابلاپ سوپەر دۆلەت ئاتالغان قىزىل ھاكىمىيەتنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قوغلاپ چىقىرالىشى (ئوغرىنى قاراقچى سوققاندەك) دۇنيا خەلقىنىڭ دىققىتىنى تارتتى.

1944 - يىلى 8 ـ ئايلاردا ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ئىلى ناھىيىسىدىكى تاغلار ۋادىسىدىن قوزغۇلۇن ئارىلاش بىر شامال چىقىپ، شىددەتلىك بورانغا ئايلىنىپ غېنى باتۇر، فاتىھ باتۇر، ئىسىملىك قەھرىمانلىرىمىزنىڭ باشچىلىقىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى قوزغىلىپ، تېز سۈرئەت بىلەن كەڭ قانات يېيىپ (ئۆزۈن تارىخلاردىن مۇستەبىتلەرگە قارشى) ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن مىراس قالغان ۋەتەن مىللىتىنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ئەزىز جانلىرىنى ئايىماي جەڭ مەيدانلىرىدا قەھرىمانلارچە شەھىد بولۇشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن تۈرك ئەۋلادى شەرقىي تۈركىستاننىڭ قىز ـ ئوغۇل ئەزىز

10 - ئايدا بېجىندە ئېچىلىدىغان گوڭشەندادىنىڭ 1 - قۇرۇلتىيىغا «ماۋجۇشى جانابلىرىنىڭ تەكلىپ تېلېگراممىسى بىلەن» ستالىن جانابلىرىنىڭ ئۇختۇرۇشلىرىنى ھازىرلاپ، دۇباشىن ئۇشتۇمتۇت ئەخمەتجان قاسىمىنى چاقىرىپ، سىز باشلىق رەھبەرلەرنىڭ ۋەكىللىك سۈپىتىدە قاتنىشىشلىرىڭىزنى مۇۋاپىق كۆردۇق، پالانى تارىختا مېڭىشقا تەييارلىق قىلارسىزلەر دېگەن ئۇختۇرۇشى بىلەن ۋەزىيەتتە ئۆزگىرىشلەر پەيدا قىلىپ، 1949 - يىلى 11 - ئاۋغۇستتا ماشىنىغا ئولتۇرغۇزۇلۇپ سەككىز نەپەر ۋەكىلىمىز يولغا راۋان بولۇپ، قازاقىستان مەركىزى ئالمۇتىدا توختايدۇ. ئەمدى سەسسىز - ساداسىز ھوقۇقلۇق رەھبەر سەپىددىن ئەزىزى بولۇپ، بۇ دەل مەخپىي ئاكتىپلىرىمىزنىڭ جوڭگو كومپارتىيىسىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىدار ئەزالىرىنى (يەر ئاستى مەخپىيەتلىك بىلەن) ۋەتىنىمىزگە تۈنجى قېتىم قەدەم تەشرىپ قىلدۇرىۋاتقان سىرلىق نازۇك ۋاقىتلىرى بولۇپ، 1949 - يىلدىن باشلاپ بۈگۈنگە قەدەر داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان چىن قىزىل كوممۇنىست ھاكىمىيىتىنىڭ ئىشغالىيىتى، رەزىل ئاسسىملىياتسىيە، سۈمۈرگۈچىلىك، زوراۋانلىق ۋەھاكازا قۇرتۇلغىلى بولمايۋاتقان مەرەز بالايىئاپەتكە گىرىپتار بولۇپ قېلىشىمىزنىڭ ئاساسلىق باش رولچىسى (يەتمىش مىليون بىگۇناھ ئىنسانلارنى ئۆلتۈرۈپ

خەۋەر قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيغاندەك بۇ غەلىبىلىك ئىنقىلابىمىز پالەج ھالغا دۇچار بولدى.

بۇ شەرمەندە ھېلىگەرلىك ئىپلاس نامۇسسىز ستالىنىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا قىلغان ئىككىنچى قېتىملىق خىيانىتى، كەچۈرۈلمەس جىنايىتىدۇر.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن جۇڭگونىڭ ئىچكى ـ تاشقى ئۇرۇشلىرىنى كۆزەتكۈچى ئاغمىچى ستالىن ماۋ زەيدوڭنىڭ غەلىبىسىگە قاراپ، ماددىي ۋە مەنىۋي ياردىمىنى كۈچەيتىپ، شەرقىي تۈركىستاننى جۇڭگو كوممۇنىستىك ھاكىمىيىتىگە ئۆتكۈزۈپ، دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ، قولىدىن كەتكەن مۇنبەت تۇگىمەس خەزىنە بايلىقلىرىمىزنى قايتىدىن قولغا كەلتۈرۈپ، قىزىل خىتاي ھاكىمىيىتى بىلەن تەك يېپىش پىلانىنى تۈزۈپ، 1949 - يىلى شەرقىي تۈركىستانغا (يەر ئاستى مەخپىيەتلىك بىلەن) چىن كوممۇنىست ئەزالىرىدىن ۋەزىپىلەندۈرۈلگەن مۇھىم كىشىلەرنى كىرگۈزۈپ، ئىش باشلاشقا (كوممۇنىزم ئۇرۇغىنى چېچىپ ئۇندۇرۇپ، مېۋە بەرگۈزۈشكە) يول ئىزدەپ، بىرىنچى دەرىجىلىك مۇناپىق سەيپىدىن ئەزىزى، بۇرھان شەھىدى نامىلىق پورداق يۈز، ئابدۇكەرىم ئابباساس نامىلىق مەۋقەسىزلەرنى ۋە يانداشلىرىنى غۇلجىدىكى رۇس باش كونسۇلى دوباشىن ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈپ ئىش باشلاپ، 1949 - يىلى

سەپىلىرىدىن) ئىاك سەۋىيىسىي ئۆستۈن بىۇ
پوداقچى«ماۋجوشى جانابلىرىنىڭ» سەيپىدىن ئەزىزى
ياخشى يولداش نامىلىق بۈيۈك ئىنئامىغا، مۆكاپاتىغا
ئېرىشەلىدى، يۇقىرىدا سەككىز نەپەر ۋەكىلىمىزنىڭ
ئالمۇتاغا بېرىپ توختىغانلىقى يېزىلغان ئىدى،
ستالىنىنىڭ جىددىيەتلىك بىلەن موسكۋادىن
ئالمۇتىدىكى ۋەكىللەر بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش
ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە يۈكلەپ ئەۋەتكەن بىر نەپەر رۇس،
بىر نەپەر قازاق ك گ ب نىڭ ئاتاقلىق جاللاتلىرى
(ئىسمىنى يوشۇرغان) بىشكەكتىكى پىشقەدەم ك گ ب
ئەزاسى ھاكىم جاببارنى (غۇلجا شەھرى دوستلۇق
دوختۇرخانىسىدا 1919 - يىلدىن باشلاپ 1948 -
يىللارغىچە ۋاراچ دوختۇرلۇق ئۇنۋانى بىلەن جاسۇسلۇق
خىزمەتلىرىنى ئاكتىپلىق بىلەن ئىشلەپ خىزمەت
كۆرسەتكەن) ئۈيىدىن ئېلىپ ئالمۇتاغا ئېلىپ بېرىپ
ۋەكىللەر بىلەنكى سۆھبەت نامىلىق پىكىر ئېلىش،
زورلاش، سوراق دىكتاتورلىرىغا تەرجىمانلىق
قىلدۇرغانلىقى، بۇ مەخپىيەتلىكنى ئاخىرقى
نەپىسىگىچە ساقلاش خۇسۇسىدا قاتتىق
تاپشۇرغانلىقلىرىنى مەشھۇر يازغۇچىمىز ئاسىم باقىغا.
"ئۆمرۈم ئاخىرلاشتى، مەن ئۆلگەندىن كېيىن زامانىنىڭ
شارائىتى يار بەرسە بۇ پىنھان تۇتۇلدىغان ۋاقىئەنى
سەن يازارسەن، ئۆلسەم ئىچىمدە كېتىپ قالمىسۇن" دەپ

قانخورلۇقتا دۇنيا رېكورتىغا ئىگە بولغان) فاشىست
ستالىن جوھۇت بولسىمۇ، ئىجراچىلىرى ئۆز ئىچىمىزدىن
چىققان (نامدار شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمەت
ئەربابلىرى) سېتىلما مىللىي مۇناپىق دەۋزىخىلەردۇر.

بۇ ئاخىرقى قېتىمدا جاللات قان ئىچەر ستالىننىڭ
شەرقىي تۈركىستانغا قىلغان ئۈچىنچى قېتىملىق بۈيۈك
خىيانىتى ۋە ئوخشىشى يوق رەزىل جىنايىتىدۇر.

ئۆزىنىڭ ۋەتىنىگە ئۆزىنىڭ مىللىتىگە، ئۆزىنىڭ
مۇقەددەس دىنىغا ۋە دىن قېرىنداشلىرىغا،
سەپداشلىرىغا، خىزمەتداشلىرىغا قىلغان بۇ قەبىھ
خىيانەتلەرنى، بۈيۈك جىنايەتلەرنى ئاللاھ كەرىم ئەپۇ
قىلمىغاندەك، شەرقىي تۈركىستان خەلقى ۋە ئەۋلادلىرى
ئەپۇ قىلمايدۇ، بۇ دۇنيادا ۋە ئۇ دۇنيادا بۇ پاسىق
سېتىلما خائىن مۇناپىقلارغا داۋاگەر بولۇشى
مۇقەررەردۇر.

سەيپىدىن ئەزىزى (ناملىق) ئەدىبىمىز، ئۇستا
ماھىر سىياسەتچىمىز مەنۋى ئۇستازلىرى ستالىن،
ماۋزېدوڭلارغا ئەمەلىيىتى بىلەن كۆرسەتكەن بۈيۈك
ئاكتىپلىق خىزمەتلىرى تەقدىرلىنىپ (تارىخلاردىن بىرى
دۆشمەنلىرىمىزگە بولۇپمۇ چواڭ - كىچىك زالىم
ئەمەلدارلىرىغا جان دىلى بىلەن خىزمەت قىلىپ،
يانچۇقلىرىنى تولدۇرۇپ مۇكاپاتقا ئېرىشەلمىگەن
سېتىلما خائىن، رەزىل، ئالچاق مىللىي مۇناپىقلار

ئايىماي قانلىرىنى ئاققۇزۇپ ئەۋلاد - ئەجدادلىرىغا مىراس قالدۇرۇۋاتقان قەھرىمان جەڭگىۋار شەھىدلىرىمىزنىڭ پاك روھلىرىنى شاتلاندۇرۇشقا بېغىشلىدىم.

مۇھەممەد سالىھ ئارتۇشى

سۆزلەپ بەرگەنلىرىنى ئەينەن «خۇنرىزلىك» نامىلىق ئاسىم باقىنىڭ قول يازما خاتىراتىدىن ئېچىنىشلىق بىلەن ئاڭلايمىز.

مەن 1922 - يىلدىن بۇگۈنگە قەدەر ئۆتكۈزۋاتقان بىر ئۆمۈرلۈك ھاياتىمدا ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز شەرقي تۈركىستاندا قەبىھ دۈشمەنلىرىمىزنىڭ يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتقان مۇستەملىكىچىلىك سىياسەتلىرىنى، زۇلۇم، ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنى، خىيانەت - جىنايەتلىرىنى كۆرگىنىم، بىلگەنلىرىم بويىچە ناھايىتى قىسقارتىلغان ھالدا كېلەچەك نەسىل - ئەۋلادىمىزغا تارىخي خاتىرە بولۇپ قېلىش ئۈمىدى بىلەن نەشر قىلدۇردۇم، مىللىتىمىز ئىچىدە بېشىدىن كۆپ تەجرىبە - ساۋاقلارنى ئۆتكۈزگەن، كۆپ بىلىدىغان ۋەتەنداشلىرىمىزدىن ئۈمىدىم شۇكى:

بۇ يېزىپ تۈگەتكۈسىز تارتىۋاتقان زىيانلىرىمىزنى ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ كۆپلەپ يېزىپ، بۇ بالايىئاپەت، ئازار - كۈلپەتلەردىن قۇرتۇلۇپ كېلەچەك نەسىللىرىمىزگە پارلاق ئىستىقبال، ھۆرلۈك، ئازاتلىقلارنى مىراس قالدۇرۇش ۋەزىپىلىرىمىزنى ئادا قىلىشىمىزنىڭ نۆۋەتتە شۇنچە زۆرۈرلىكىنى ئېسىمىزدىن چىقارماسلىقىمىزنى تەۋسىيە قىلىمەن.

مەن بۇ كىتابنى تارىختىن بۇگۈنگە قەدەر ۋەتەن، دىن، مىللەت ۋە مۇستەقىللىق ئۈچۈن ئەزىز جانلىرىنى

# سۆزبېشى

پىشقەدەم ۋەتەنپەرۋەر ئاكىمز مۇھەممەد سالىھ ھاجىم ئارتۇشنىنڭ ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن نەشرقىلىنغان «يوشۇرۇن قاتىللىق» ناملىق كىتابىنىڭ نەشر قىلىنىشى 20 - ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بەرگەن بىر مۇھىم تارىخىي ۋەقەنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى پۈلاتتەك دەلىل - پاكىتلار بىلەن ئېچىپ بېرىشتە مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقى مۇقەررەردۇر.

فىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ نامزاتى، ئەدەبىياتشۇناس ۋە شائىر ئاسىم باقى ئوغلىنىڭ «خۇنرىزلىك» ناملىق بۇ ئەسىرى 1944 - يىلى 12- نويابىردا شەرقىي تۈركىستاننىڭ غۇلجا شەھرىدە قۇرۇلۇپ، ئىلى، ئالتاي ۋە چۆچەك ۋىلايەتلىرىدە 1950- يىلغىچە قەدەر

[illegible] «[illegible]» ناملىق
[illegible]
[illegible]

[illegible] يىلى [illegible] قەدەر [illegible] تۇرغان
[illegible] شەرقىي
[illegible]
[illegible] سىياسەتلىرىنى، زۇلۇم،
[illegible] جىنايەتلىرىنى
[illegible] قىسقارتىلغان
[illegible] تارىخىي خاتىرە،
[illegible] قىلىپ تۇرۇم،
[illegible] تەجرىبە
[illegible] بىلىدىغان
[illegible] شۇكى:
[illegible] تارقىلىۋاتقان زىيانلىق [illegible]
[illegible] بۇ [illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible] قىلىمىز.
[illegible] قەدەر ۋەتىنى،
[illegible] ۋە مۇستەقىللىق ئۈچۈن ئىززەت جانلىرىنى

ئىستىقلال مۇجادىلىسىدە بىزنى ئاچچىق تەجرىبە - ساۋاقلار بىلەن تەمىنلەشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە تارىخي خارەكتېرلىك ھۆججەتتۇر. شۇنداقلار ھەر بىر شەرقىي تۈركىستان ئەۋلادىنىڭ ئوقۇپ چىقىشىغا تېگىشلىك بىر مۇھىم ۋەسىقە ۋە بىر مۇھىم ئىبرەتنامىدۇر.

ئالىم ئاسىم باقى ئوغلى بۇ ئەسىرنى مەرھۇم رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ مەخسۇس مۇھاپىزەتچىسى، ئىنقىلابىي قۇربان ئوسمانجان ناسىرۇفنىڭ تاشكەنتتىن ئىستانبۇلغا كەلگەن ئوغلى ئارقىلىق 1991 - يىلى ماي ئەۋەتىپ بەرگەن ئىدى. ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتە ماڭا يازغان خېتىدە: «مۆھتەرەم دوكتۇر سۇلتان مەھمۇد قەشقەرى ۋە شەرقىي تۈركىستان ژورنىلى تەھرىر ھەيئىتى، سىزلەرگە «خۇنرېزلىك» سەرلەۋھىلىك ماقالەمنى ئەۋەتتىم، ژورنىلىڭلار سەھىپىسىدىن ئورۇن بەرسەڭلار ئەينى مۇددىئا بولار ئىدى» دېيىلگەن ئىدى.

بۇ ماقالىنى زاماندا نەشر قىلىشقا قۇۋۋەتلىك تەرەپدار بولسامۇ، بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ ماقالە ژورنالدا ئېلان قىلىنالمىدى. 1993 -- يىلى بۇ ماقالە قىسقارتىلغان شەكلى بىلەن قازاقىستاننىڭ ئالمۇتىدا نەشر قىلىنىۋاتقان «يېڭى ھايات» گېزىتىدە نەشر قىلىنىپ، ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

مۇستەقىل ھالدا ياشىغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمى، شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى گېنېرال ئىسھاق بېك، مىللىي ئارمىيىنىڭ سىياسىي كومىسسارى ئابدۇكېرىم ئابباسوف، شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئارمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى گېنېرال دەلىلخان سۇغۇربايوف، بېيجىڭگە بارىدىغان ھۆكۈمەت ئۆمىكى تەركىبىدىكى خادىملاردىن ئابدۇرەشىد ئىمىنوف، غېنى كەرىمۇۋ ۋە ئۇسمانجان ناسىرۇفلارنىڭ 1949 - يىلى ئاۋغۇست ئېيىدا بېيجىڭگە سۆھبەت ئۈچۈن كېتىۋېتىپ، قانداقتۇر ئايروپىلان قازاسى بىلەن ۋاپات بولمىغانلىقىنى، ئەمەلىيەتتە سوۋېت - خىتاي ئىمپېرىيىسى رەھبەرلىك گورۇھى تەرىپىدىن مەقسەتلىك، پىلانلىق ۋە ناھايىتى يوشۇرۇن بىر شەكىلدە قانخورلارچە ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنىڭ ئىسپاتى ۋە جەريانىنى بىزگە ئەمەلى مىساللار بىلەن ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ.

بۇ كىتاب - سوۋېت - خىتاي سوتسيال جاھانگىرلىك گورۇھىنىڭ 1944 - يىلى 12 - نويابىردا قۇرۇلغان شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى دۆلىتىنى يوقىتىپ تاشلاشتىكى ھىلە - مىكىرلەر بىلەن تولغان شەيتانى ئويۇنلىرىنى پۈلاتتەك دەلىل - پاكىتلار بىلەن ئېچىپ بېرىشتە ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ

ئىشلىگەن. ئۈرۈمچى شەھرىدە ئاسپىرانتۇرلۇقنى پۈتتۈرگەن.

1965 - 1970 - يىللىرى ئۆزبېكىستاننىڭ پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەدەبىياتشۇناسلىق ئىنىستىتوتىدا «ئۇيغۇر فولوكلورى» ساھەسىدە ئىلمىي خادىم دەرىجىسىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان. 1971 - يىلى «ئۇيغۇر خەلق لىرىك شېئىرىيىتى» ماۋزۇسىدا كاندىداتلىق دىسسېرتاتسىيە ياقلىغان. «ئۇيغۇر خەلق لىرىك شېئىرىيىتى» مونوگرافىيىسى، «سېيىت نوچى»، «ئۇيغۇرلار»، «سېيىت مۇھەممەد قاشى» رىسالىلىرىنى ۋە 300 دىن ئارتۇق ئىلمىي، تەنقىدىي، فولىكلورلۇق ماقالىلارنى ئېلان قىلغان. «دەرتمەنلەر زارى»، «ئەزەلىي ۋە ئەبەدىي خەلق بىز»، «ئۇيغۇرىستان» ۋە «ئېلىخان تۆرە ساغۇنى» قاتارلىق ماقالىلىرى ئارقا - ئارقىدىن نەشر قىلىنغان. «ئۇيغۇر ئېپىك شېئىرىيىتى تارىخىدىن»، «لۇتپۇللا مۇتەللىپ» مونوگرافىيىلىرىنى نەشرگە تەييارلىغان.

1961 - يىلدىن 1988 - يىلغىچە ئۆزبېكىستان ئەدەبىياتشۇناسلىق ئىنىستىتوتىدا ئىلمىي خادىم بولۇپ ئىشلەپ، 1989- يىلى دەم ئېلىشقا چىققان.

مەرھۇم مۇجاھىد، ئەدەبىياتشۇناس ئالىم ئاسىم باقى ئوغلى 1995- يىلى تاشكەنتتە ۋاپات بولغان. ئاسىم باقى ئوغلى مىللىي مۇجادىلىمىز ئۈچۈن

بۈگۈن بۇ ماقالە تولۇق تېكىستى بىلەن كىتاب بولۇپ نەشر قىلىنىشى مېنى ئالاھىدە خوشال قىلدى، بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشىدا ئەمگەك ۋە غەيرەت سەرپ قىلغانلارغا تەشەككۇرلىرىمنى ئىزھار قىلىمەن ۋە تەبرىكلەيمەن.

بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئاسىم باقى ئوغلىنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالىنى كىتابخانلارنىڭ دىققىتىگە سۇنۇشنى مۇھىم بىر ۋەزىپە دەپ ھېسابلايمەن.

ئاسىم باقى ئوغلى 1924- يىلى ئالمۇتا ئوبلاست، ئۇيغۇر ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ مەكتەپنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ نىلقا ناھىيەسىدە ئوقۇغان.

ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلابىنىڭ پارتىزانى، مىللىي ئارمىيىنىڭ روتا «بۆلۈك»، باتالئون «تابۇر» سىياسىي رەھبىرى، پولك «ئالاي» سىياسىي بۆلۈم باشلىقى، «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىلىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» ھەربىي كومىتېتىنىڭ تەشكىلى بۆلۈم باشلىقى، ئوتتۇرا يۆنىلىش قوماندانلىق شتابىنىڭ شتاب باشلىقى، ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان يۇقىرى ئوفېتسىرلەر سىياسىي كۇرسىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، ھەربىي ژورنالىنىڭ مۇھەررىرى، شىنجاڭ پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ گورۇپپىسىنىڭ بۆلۈم باشلىقى قاتارلىق خىزمەتلەرنى

# مۇقەددىمە

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك كىتابخانلار!

قولىڭىزدىكى ئۇشبۇ كىتاب مەرھۇم يازغۇچى ئاسىم باقى ئوغلى يېزىپ قالدۇرغان مەرھۇم داھىمىز ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ۋاپاتى توغرۇلۇق يېزىلغان تارىخى ئەسلىمە بولۇپ، بۇ تارىخى ئەسلىمىنى ئوقۇغىنىڭىزدا، ئىشىنىمىزكى، خىيالىڭىزغا كەلگەن ۋە سۆزلىيەلمىگەن يوشۇرۇن پاجىئەلىك، سۇيىقەستلىك ھەرىكەتتىن خەۋەردار بولىسىز ۋە تومەنىڭ ئەپسۇس نادامەتلەر قايىنىمىغا چۆكىسىز، ئەلۋەتتە. بىزنىڭ مۇستەقىللىق، ھۆرلۇك ئۇچۇن ئېلىپ بارغان كورەشلىرىمىزنىڭ تارىختىن بۇيان نېمە ئۇچۇن غەلىبە قىلالماي كېلىۋاتقانلىقىنىڭ تۈپ سەۋەبلىرىنى ئوچۇق چۈشىنىسىز. دېمەككى، بىز بىر تەرەپتىن تارىختىن بۇيان روس ۋە خىتاي كەبى قانغور بۇلاڭچى ۋە تېررورىستلارنىڭ تۈرلۈك سۇيىقەست، ھىيلە - مىكىرلىرى بىلەن تولغان ياۋىداق گەپلىرى ۋە

كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ۋە ئىلىم - پەن ساھەسىدە ئېلىپ بارغان مول ئەمگەك مېۋىلىرى بىلەن خەلقىمىز قەلبىدە ئەبەدىي ياشايدۇ!

پروفېسسور، دوكتور سۇلتان مەھمۇد قەشقىرى

ئۈچ تەمموز 2004 - يىل ئىستانبول

جامائەتچىلىكنى ئالداش، قايمۇقتۇرۇش ئارقىلىق تېخىمۇ ئەشەددى ۋاستىلەر بىلەن سۇيىقەست ئىشلىتىشكە تىرىشماقتا. بۇ يەردە قىسقىچە كۆرىدىغان بولساق، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يىللاردىن بۇيان داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان قانخورانە زورلۇق، زومبۇلۇقلىرىنى جىددىيلەشتۇرۇپ، ئۆتكەن يىلى 1 - ئۆكتەبىر ھارپىسىدا «100 كۈنلۈك قاتتىق زەربە بىلەن تازىلاش ھەرىكىتى» نى ئېلىپ بېرىپ، «ئىسلامى تېرروررىست»، «مىللەتچى تېرروررىست» دېگەن بەتناملار بىلەن 16 ياشتىن 45 ياشقىچە بولغان 100 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇرنى تۇتقۇن قىلىپ جازا لاگېرىغا، ئۆيىدىن ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىدىغانلىقى ئاشكارىلانغان ئىدى. يەنە شۇ يىلى 2 - دېكابىردا «روس خىتاي بىرلەشمە باياناتى» ئېلان قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ 5 - ماددىسىدا مۇنداق دېيىلگەن: «ئىككى تەرەپ چېچىنىيە ۋە شەرقىي تۈركىستان بۆلگۈنچىلىرى ھەم تېرروررچىلىرىنىڭ خەلقئارا تېرروررىزمنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. ئۇلار دۇنيادىكى بارلىق دۆلەتلەرنىڭ بىرلىكتە كۈرەش قىلىش نىشانى بولۇپ جازالىنىشى كېرەك.» روشەنكى، تارىخ ۋە ئەمەلى ئەھۋالدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر مەسلىسى بۇ ئىككى قانخوردىن بارلىق ھەمكارلىقلىرى جەريانىدا

ھەرىكەتلىرىگە ئالدىنىپ قالدۇق. يەنە بىر تەرەپتىن ئارىمىزدىكى خائىن، ساتقىنلارنىڭ دۈشمەنلىكلىرى ئىزچىل داۋام قىلىپ كەلدى. دېمەك بىز ئومۇميۈزلۈك ھۇشيار بولالمىدۇق. بىر مەقسەت، بىر نىشان ئۈچۈن قەيسەرلىك ۋە باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىشقا بىردەك ئاتلىنالمىدۇق. دەرھال ئويغانغان ۋە ھۇشيارلىق بىلەن كۈرەشكە ئاتلانغانلارغا بولسا، ۋاقتىدا يېقىندىن ماسلىشىپ ھەرىكەت قىلالمىدۇق. بەلكى ئۇلارنى يېتىم ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويدۇق. ھەتتا سۈيىقەستچى قانخورلار يەپ كېتىۋاتسا، نەپرەت بىلدۈرۈش بىلەن بولدى قىلدۇقۇ دەرھال قوزغىلىپ ئەمەلى كۈرەش ئېلىپ بارالمىدۇق. خۇسۇسەن خائىنلار ۋە ساتقىنلارنى تازىلاشقا، قاتتىق زەربە بېرىشكە ئەھمىيەت بېرەلمىدۇق. نەتىجىدە ئەشەددى مۇستەملىكىچىلەر، قاتىل بۇلاڭچىلار ئېزىز ئانا ۋەتىنىمىزنى ئاياق ئاستى ۋە تالان تاراج -- قىلماقتا. ھەتتا نۆۋەتتە بىزنى تارىختىن ئۈزۈل - كېسىل يوق قىلىش قەدىمىنى تاشلىماقتا. شۇ سەۋەبتىن ئەسلىدە دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئالتۇن بۆشۈكى بولغان مۇقەددەس يۇرتىمىز كۆرۈۋاتقىنىمىزدەك قاتتىق خانىۋەيران بولۇشقا، سەرسان سەرگەردان بولۇپ، قاتتىق سىقىلىش ئىچىدە ياشاشقا مەجبۇر بولماقتىمىز. ئەنە قانخورلار ئىزچىل ھالدا تۈرلۈك بۆھتان ۋە تۆھمەتلەرنى چاپلاپ دۇنيا

بىز ئەبدىلئەبەت جانابى ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە مۇناسىپ ھالدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ۋە ئۆسىۋاتقان ئېزىز ئانا يۇرتىمىزنى جان تىكىپ قوغداش بىلەن ئىلىم مەدەنىيەتتە تېخىمۇ يۇكسەلگەن ئاساستا ياشاشقا ئىمانىمىز كامىلكى، خۇددى قەدىرلىك رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمى ئەپەندى دېگىنىدەك بىزگە جانابى ئاللاھتىن باشقا ھەرقانداق تاشقى كۈچنىڭ نىجاتكارلىقى كېرەك ئەمەس ھەم ئۇلار نىجاتكار بولالمايدۇ. بەلكى قان ئىلىكىمىزنى ئىچكىنى ئىچكەن. بىزنى ۋەيران قىلىپ يوق قىلغىنى قىلغان. بۇنى نورمال ھەرقانداق ئۇيغۇر ئېسىدە چىڭ تۇتىشى لازىم. دېمەك بىز خىتاي، روس ۋە باشقا قانخور تاجاۋۇزچى كۈچلەرنىڭ ھىيلە نەيرەڭلىرىگە ۋە تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قارشى قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم. بۇ بىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان ئىمان ۋە ۋىژدان مەسئۇلىيىتىمىز ئەلۋەتتە. يوقالسۇن تارىخى ۋەھشىيانە قانخورلۇق بىلەن تولغان ئەڭ ئەشەددى مۇستەملىكىچى تويماس بۇلاڭچى ۋە دۇنيا بۇيىچە بىرىنچى نومۇرلۇق تېررورىست روس ۋە خىتاي...

مۇھىم ئورۇننى ئىگەللەپ كەلگەن بولۇپ، روسىيە دائىرىلىرى بۇ قېتىم يەنە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مىللىتىمىزنىڭ مۇستەقىللىق، دېموكراتىك ھەرىكەتلىرىنى باستۇرۇش سىياسەتلىرىنى قوللىغان ۋە تارىختىكى قانخورلۇق ھەرىكەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشتىن باش تارتمىغان. يەنى 1881 -. يىلى چار روسىيەسى «خىتاي - روسىيە ئىلى شەرتنامىسى» ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنى ساتقان بولسا، 1876 - يىلى يەنە ياقۇپ بەگنىڭ مۇستەقىل «يەتتە شەھەر دۆلىتى»نى مەنچىڭ ئىمپىرىيىسىدىن ئالىدىغان مەنپەئىتىنىڭ قۇربانى قىلىۋەتكەن ئىدى. ئوخشاشلا قانخور ستالىن ھۆكۈمىتىمۇ 1944 - يىلىدىكى شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىنى باشتا قوللاپ، كېيىن گومىنداڭچى خىتاي ۋە 1950 - يىلى كوممۇنىست خىتاي بىلەن تۈزگەن دوستلۇق شەرتنامىسىگە قۇربان قىلىۋەتتى. قولىمىزدىكى بۇ «سىرلىق سۇيىقەست ۋەھشىيانە قانخورلۇق» ماۋزۇلۇق تارىخى ئەسلىمە مانا شۇ قېتىملىق قانلىق ھەرىكەتنىڭ پولاتتەك دەلىلىدۇر. شۇ يىللاردىن بۇيان، بۇ ئىككى قانخور يەنىلا بىرلىشىپ قاتىللىق بۇلاڭچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئىزچىل ھالدا داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە. ئەنە يېقىندا ۋەتەن سىرتىدا ياشاۋاتقان 11 نەپەر مۇجاھىدىمىزنى ئىنتايىن نومۇسسىزلىق بىلەن «تېرورىست» دەپ ئېلان قىلدى.

# خۇنرىزلىك

بۇ ناھايىتى پىنھان تۇتۇلغان قانخورلۇق يىقىن ئۆتمۈشتە، - بىز تېخى بەكمۇ ئۇزاقلاشمىغان كەتمىگەن، ئەسىرىمىزنىڭ 1949 - يىلى باش كۈز ئېيىدا سادىر بولدى.

ئۇيغۇرىستان خەلقلىرىنىڭ سۆيۈملۈك پەرزەنتى، مىللى ئازاتلىق ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق باش قوماندان گېنېرال لېتنات ئىسھاقبەگ مونونوپ، باش قوماندان ئورۇنباسارى گېنېرال مايور دەلىلقان سۇغۇربايوپ، ھۆكۈمەت ئەزاسى ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، ئىش باشقۇرغۇچىلار غېنى كېرىموپ، ئابدۇرشىت ئىمىنوپ، مەدەنىيەت ئۇيۇشما خادىمى لوجىز ھەمدە ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ مەخسۇس مۇھاپىزەتچىسى ئوسمانجان ناسىرلار ستالىن ۋە ئۇنىڭ گۇماشتىلىرى تەرىپىدىن ماۋزېدوڭ بىلەن كېلىشىلگەن ھالدا ئۇستىلىق بىلەن ئۇيۇشتۇرۇلغان تېررورلۇقنىڭ قوربانى بولۇشتى.

40 يىلدىن ئاشتىكى، بۇ قاتىللىق پاجىئەنىڭ سىرى ئېچىلمىدى. نادامەتلەر بولسۇنكى شۇ دەۋىر ۋەزىيىتىنىڭ قاباھىتى ۋە ھاكىمىيىتىنىڭ بىيوگراتىك دىكتاتورىسى --- ئىجتىمائى ئاڭنىڭ تەقىپ قىلىنىشى ۋە ئىككى قارا كۈچ ---

قارار قىلدىم. بىلىسەنكى، يېشىم ئانچىگە بېرىپ قالدى. ساقلىقىممۇ جايىدا ئەمەس. تەسادىپلار بىلەنمۇ، ياكى بەندىلىك قىلىپمۇ بۇ مەخپىيەتلىك مەن بىلەن كېتىپ قالمىسۇن، ئۇچاغدا روھىم تىنىچ بولمايدۇ. شۇ مۇددىئادا بار ھەقىقەتنى ئېيتىپ ئىچىمنى بوشىتىۋالاي، شۇنچىلىك ئىچىمدىن كۆيۈپ كۆل بولغىنىم يېتەر....

1949 - يىلى 24 - ئاۋغۇست كۈنى ئەتىگەندە ئۆيۈمگە (فرونزى شەھەرى ئا. ب )پولكوۋنىك دەرىجىلىك بىر ئۇرۇس (ھەربى ۋە پۇقراچە كىيىنگەن) كىرىپ كەلدى. سالاملاشقاندىن كېيىن، تەكەللۇپ بىلەن: «سىزنى ئالماتوغا چاقىرۋاتىدۇ، ماشىنا تەييار» دېدى. ئۇرۇس مىللىتىگە مەنسۇپ پولكوۋنىكنىڭ تۇرقى تومباتى بەكمۇ جىددى، پۇقرا كىيىمدىكى شەخسىنىڭ قىياپىتىدىن رازۋېت خادىمى ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. بىز ھەربىيلەرنىڭ كىچىك ۋىللىس ماشىنىسىدا ئالمۇتا شەھرىگە قاراپ يولغا چىقتۇق. بەش سائەتكە سوزۇلغان سەپىرىمىز جەريانىدا تۇرمۇشتىكى ئاددى ۋەقەلەر ماۋزۇسىدا قىسقا سۆھبەتلەر بولغىنىنى ئېستىسنا قىلساق مېنى كىم؟ نېمە زۆرۈريەت بىلەن چاقىرغانلىقى ھەققىدە بىرەر ئىشارەت بولغىنى يوق. بەربىر ئېنكۋېدې(دۆلەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى ئا. ب) چاقىرغانلىقىنى ھېس قىلاتتىم. راستىنلا شۇنداق بولدى. ماڭا ياخشى تونۇش ئېنكۋېدې مەھكىمىسىنىڭ ھويلىسىغا كىرگىنىمدە، غېنى كېرىمۇپقا كۆزۈم چۈشتى. ئۇ ياش بىر

سوۋېت، خىتاي غايىۋى بىرلىكى مانا شۇ ئادالەتسىزلىكنىڭ نىقابىنى يىرتىپ تاشلاشقا ئىمكان بەرمىدى.

خرىستىئان ئىلاھىياتچىسى ئاۋگوستىننىڭ « غەپلەتتە ياتقان خەلقنى ئويغىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ تارىخىنى ئويغات! » دېگىنى مىڭ كەررە ھەقىقەت ئىدى. ناھايىتى ئېغىر تەقىپتە، غەپلەتتە قالغانلىقىمىزدىن ھەسرەت، نادامەتلىرىمىز، جەبرى ـ ئەلەملىرىمىز قەلبىمىزدىن تاشقىرىغا چىقماي بۇرۇختۇم بولۇپ قالغان ئىدۇق.

ئاشكارىلىقنىڭ شاراپىتى بىلەن، ئۇيغۇرلار ئېلىنىڭ ئاددى پۇقراسى، شۇ تۇپراقنىڭ بىر پەرزەنتى بولۇش سۈپىتىم بىلەن يۈرەكتىكى دەرتلەرنى تۆكۈش، ئىچكى تۈيغۇلارنى ئۇچۇق ـ ئاشكارا بايان قىلىشنى مانا 42 يىلنى ئۆتكۈزۈپ جەزىم ئەتتىم.

* * * * *

قانخورلۇقنىڭ باشلىنىشىنى ۋەقەگە بىۋاستە ئىشتىراك ئەتكەن ئېتىبارلىق شەخستىن ئاڭلايمىز.

سوۋېت رازۋېتچىكى غۇلجا شەھىرىدىكى چوڭ شىپاخانىنىڭ يېتەكچى ۋىراچى (1945 - 1948 ) ھەممىگە تونۇلغان ھاكىم جاپپار 1976 - يىلى كۈزدە تاشكەنتكە تەشرىپ قىلغاندا ماڭا تۆۋەندىكىلەرنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدى:

ـــ موللا ئاسىم ساڭا بىر مەخپىيەتلىكنى ئېيتىشنى

قىلىپ بەرسىڭىز خورسەن بولار ئىدۇق.

- بىجانىدىل - دەپ جاۋاب بەردىم مەن.

مەن موسكۋادىن كېچىلا ئۇچۇپ كەلدىم. ئىسمىم... فامىلەم... (ئىسمىدىن چېقىپتۇ) يېڭى خىتاي رەھبەرلىكى بىلەن كېلىشىمگە ئاساسەن بىز ۋەكىللەر پېكىنگە (بېيجىڭغا) بېرىپ 1 - نۆۋەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىگە قاتنىششى كېرەك. بىز كېڭەش كۈن تەرتىۋىگە قويۇلىدىغان مەسىلىلەر ۋە شۇ مەسىلىلەرگە بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز قانداق بولىشى ھەققىدە بىر پىكىرگە كېلىشىۋېلىشىمىز كېرەك. مەن ئۇلۇق داھىمىز يولداش ستالىننىڭ كۆرسەتمىلىرىنى بىجىرىش ۋاكالىتىگە ئىگىمەن. شۇ نەرسە بىزگە مەلۇمكى، سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىدە خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئېلان قىلىنىشى ۋە خىتاي ھۆدۆدىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى ئاساسىي مەسىلە بولىدۇ. ۋەكىللىرىمىز بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىنى، مۇناسىۋەتلىرىنى بايان قىلىشى ۋە نىھايەت موسكۋانىڭ پوزىتسىيىسىنى ئاساسىي دەستۇر قىلىشىمىز شەرت ۋە لازىم.

مەن بۇ سۆزلەرنى بىرمۇ بىر تەرجىمە قىلىپ بەردىم. ئەخمەتجان قاسىمى ۋە غېنى كېرىمۇپلار تەرجىمىگە ئېھتىياج سەزمىگەن ھالدا دىققەت ئېتىبارى بىلەن بىر نەرسىلەرنى خاتىرىلەپ ئولتۇراتتى. ئابدۇكېرىم ئابباسوپ مېنىڭ تەرجىمەمنى خىتاي كىشىگە خىتاي تىلىدا يەتكۈزەتتى.

قېنى، يولداش ئەخمەتجان قاسىموۋ، -

يىگىتكە نىمىلەرنىدۇ تاپىلىۋاتقاندەك كۆرۈندى. ماشىنىدىن چۈشۈپلا غېنىنى كېرىمۇپتىن: «ئەپەندىم كەلدىمۇ؟» دەپ سورىدىم. ئۇ، «ھە! ئەپەندىم شۇ يەردە» دەپ قىسقىچىلا جاۋاب بەردى ۋە مەن بىلەن سەمىمى كۆرۈشتى. خوشاللىق تۇيغۇغا چۆمۈلدۈم. ئىچكىرىگە، ھەشەمەتلىك ئىمارەتنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىگە كۆتۈرۈلدىكەنمەن. رەھبەر خانىسىدا ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبەگ ۋە دەلىلقانلارغا كۆزۈم چۈشتى. ئۇلار ئۇزۇن ئۈستەلنىڭ ئۇڭ قانىتىدا جاي ئېلىشىپتۇ. سول قانىتىدا ئىككى ناتونۇش پۇقرا كىيىمدىكى كىشىلەر ۋە ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا بىر خىتاي كىشى (ئۇنى ھېچ كۆرمىگەنمەن)، ئىشىكتىن كىرگەن ئوڭ تەرەپتە ئابدۇرشىت ئىمىنوپ ئورۇن ئاپتۇ. مەن سەمىمى سالام بىلەن ئۇلارنىڭ ھال - ئەھۋالىنى سوراۋاتقىنىمدا غېنى كېرىمۇپ كىچىك بىر پاپكىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى - دە، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئىگەللىدى. مەن غۇلجىدىكى تونۇش - بىلىشلەر، بولۇپمۇ ماڭا كۆپ راپاۋەتلەر كۆرسەتكەن غېنى باتۇرنىڭ سالامەتلىكىنى (ئۇ 1945 - يىلى ئارشاڭدا يارىدار بولغان ئىدى) سوراۋاتقىنىمدا، يۇقىرىدا ئولتۇرغان ئۇرۇس مىللىتىگە مەنسۇپ باشلىق سۆزۈمنىڭ بېلىگە تەپتى:

-- يولداش ھاكىم جاپپارېۋىچ، خىتاپ قىلدى ماڭا تىكىلىپ جىددى قىياپەتتە، -- غۇلجىدىن كەلگەن ۋەكىللەرنى سىز ياخشى تونۇيسىز. بىز بىر قانچە مەسىلە بويىچە سۆھبەتلەشمەكچىمىز. سىز خالىسانە خىزمەت -- تەرجىمانلىق

قەيت قىلىنغانلىقىنى ئېنكار قىلىپ بولمايدۇ. بىز. «شىنجاڭ خىتاينىڭ ئايرىلماس ئۆلكىسى» دەپ ھېساپلايمىز. بۇ ئۆلكىدە گومىنداڭ ئىستىبداتى ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، مەھەللى خەلقلەرنى تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئېزىپ، خورلاپ كەلگەنلىكىدىن ئىنقىلاب پارتلىدى. بۇ مىللى ئازاتلىق ئىنقىلابقا ئاساسلىق ياردەمنى بىز كۆرسەتتۇق. بىز قورال - ياراق بەرمىسەك، ھەربىي يۆنىلىشلەرگە رەھبەرلىك قىلمىساق، ھەربىي قىسىملارنى، سىياسىي رەھبەرلەرنى ياردەمگە كىرگۈزمىسەك بۇ ئىنقىلاپ غەلىبە قىلالمايتتى. شىنجاڭدا ئۈچ ۋىلايەت ئازات بولدى. 11 ماددىلىق بىتىم ئىمزالاندى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە بىزنىڭ ياردىمىمىز، مەدىتىمىز ئاساسىي ئورۇن تۇتىدۇ. قىسقىسى، ئۇيغۇرلار بىمىنى تەلەپ قىلىشقان بولسا، بىز شۇ تەلەپلەرنى تولۇق قاندۇردۇق. كۆپ قان تۆكۈلدى. شۇنداق ئىكەن، «شىنجاڭ خىتاينىڭ ئايرىلماس ئۆلكىسى» دىگەن مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلسا، ئېتىراز بىلدۈرۈش ھېچ قانداق پايدا بەرمەيدۇ. يېڭى خىتاي شىنجاڭ خەلقلىرىنىڭ بەختىيار كېلىچىكى ئۈچۈن رەھنامە بولغۇسىدۇر.

مەن بۇ سۆزلەرنى جۈملىمۇ جۈملە، ئەينەن تەرجىمە قىلىپ بەردىم.

موسكۋا رەھبىرىنىڭ سۆزىگە قوشۇمچە قىلدى پۇقراچە كىيىنگەن قازاق رەھبەر:

ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىنى تەمىن

سۆزىنى داۋاملاشتۇردى موسكۋادىن كەلگەن ۋاكالەتلىك رەھبەر، ئىپتىخچۇ، سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىدە «شىنجاڭ خىتايىنىڭ ئايرىلماس ئۆلكىسى» دېگەن تېزىس ئوتتۇرىغا قويۇلسا، قانداق ئىپادە بىلدۈرىسىز؟

ئەخمەتجان قاسىمى ھۆر، مۇستەقىل، مۇزەپپەر ئۇيغۇرىستان دەۋاگىرى سۈپىتىدە ئىچكى تۇيغۇلىرىنى ئېنىق، ئوچۇق ئىزھار قىلدى:

ئۇيغۇرىستانغا مۇستەقىل، ئۆز ئۆزىنى باشقۇرۇش ھوقۇقى بېرىلىشى، بۇ ھوقۇقنى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ئېتىراپ قىلىشى شەرت.

رەھبەرگە ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ سۆزلىرىنىڭ مۇتلەقا ماقۇل چۈشمىگەنلىكىنى ئۇنىڭ قىياپىتىدىن، قولىدىكى قەلەمنى ئۈستەلگە ئۇرۇپ تۇرىشىدىن بىلگىلى بولاتتى. ئۇ ئۆزىنى مەغرۇر تۇتقان ھالدا سۆز باشلىدى:

ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشىدا گېتلىر پاشىزمىنى يەنجىپ تاشلىدۇق. ئەينى ۋاقىتتا خىتايغا قارشى ئۇرۇش قىلغان ۋە بىزگە جىددى خەۋپ تۇغدۇرغان ياپون مىللىتارىزمىنى تەسلىم قىلدۇردۇق.

يېڭى خىتاينىڭ ئازاتلىقى ۋە بىر پۈتۈنلۈكى ھازىرقى دەۋرنىڭ ئەڭ زۆرۈر تەلىۋىدۇر. خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ئېلان قىلىنىشى، دۆلەت بايرىقى ۋە گېربىنىڭ نامايىش ئېتىلىشى چوڭ تارىخى ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر. تارىختا «شىنجاڭ غەربىي ئۆلكە، خىتاينىڭ غەربىي ئۆلكىسى» دەپ

ئۇيغۇرىستاننى «شىنجاڭ» (يېڭى تېپىلغان يەر، يېڭى ئۆلكە) دەپ ئاتىغانلىقى ۋە ئاقۋەت مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىنى قانۇنلاشتۇرغانلىقى ھەققىدە قايناپ - تېشىپ سۆزلەپ كەتتى. ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئىزتىراپقا تولغان قەلبىدە ئۆتكەنكى شەخسلەرگە نېسىپ بولمىغان ئېتىقاد، ۋەتەن ئازاتلىقى ئۈچۈن مەردانە كۈرەش قىلىش غايە يۈكسەكلىكى مۇستەھكەم ئىدى. بۇ يۈكسەكلىككە زامانى توغرا باھالاش كەلگۈسىگە ئۈمىدۋارلىق قاراش ئۈچۈن جۇرئەت - جاسارەت قوشۇلۇپ بىر پۈتۈنلۈكنى تەشكىل قىلغان ئىدى.

مۇستەبىتلىكنىڭ ئىجتىمائىيلاشقانلىقى، دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى ئەخمەتجان قاسىمى، ئىنسان پىكىر - زىكرىنى ندا تۇيغۇلىرىنى بوغۇشتىن، ئېتىقادنى تەقىپ ئاستىغا ئېلىشتىن، تىلنى ئىستېمالدىن چىقىرىشتىن، ئەركىنى بوغۇپ تاشلاشتىن ئىبارەت ئەشەددى قانخورلۇقتا كۆرۈلىدى. ئۇيغۇرىستان خەلقلىرىنىڭ ئەسىرى، سىياسىي رىقابىتى ھەربىي توقۇنۇشنى تەقەززا ئەتتى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئەنە شۇنداق ۋەزىيەتتە پارتلىدى. لېكىن ئىنقىلابىنىڭ تىزگىنىنى خەلقنىڭ قولىدىن باشقىلار تارتىپ ئالدى.

- سىز «شىنجاڭ» ئاتالمىسىنى ئىستېمالغا كىرگۈزگەن ئىدىڭىزغۇ؟ - كەسكىن سوئال بىلەن ئەخمەتجان ئەپەندى سۆزىنى بۆلۈپ تاشلىدى. موسكۋا رەھبىرى «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىلىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى » نى سىز قۇرغان ئىدىڭىزغۇ؟

ئەتكەن سوۋېت خەلقى تىنچ ئىجادى ھاياتقا، دۆلەتنى قايتىدىن تىكلەشكە ئۆتتى. خىتاي ئازاتلىق ئۇرۇشىمۇ ئۇزاق داۋام قىلىپ، ئاخىرى غالىبىيەت بىلەن ئاياقلاشتى. گومىنداڭ ۋە گوڭچەنداڭ تەرەپتىن مىليونلىغان كىشىلەر قۇربان بولدى. ئەمدىلىكتە خىتاي خەلق دېموكراتىك ھاكىمىيىتىنى تىكلەش، ئەركىن نەپەس ئېلىش دەۋرى باشلاندى. خىتاي خەلق دېموكراتىك ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ» خەلقىنىڭ ئارزۇ ئارمانلىرىنى قاندۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنىش كېرەك. بۇ دېمەك، «شىنجاڭ خىتاينىڭ ئايرىلماس غەربىي ئۆلكىسى» دېگەن تۇيغۇنى ئاڭغا سىڭدۈرۈپ، دوستلۇق، قېرىنداشلىقنى كۈچەيتىش زۆرۈر. خىتاي ئۇلۇغ مىللەت، ئەينى ۋاقىتتا ئاكا مىللەتتۇر.

قازاق رەھبىرىنىڭ سۆزى ئاياقلىشىشى بىلەن ئەخمەتجان قاسىمى ئۆزىنى ئۇيغۇرىستان خەلقلىرىنىڭ پاك نىيەتلىك پەرزەندىسى سۈپىتىدە تونۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ شانلىق تارىخى، مەدەنىيىتى، تىل - يېزىقى ۋە ئەدەبىيات - سەنئىتى ئىككى ئەسىردىن بۇيان بوزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، تەقىپ ئېتىلگەنلىكى، مەھەللى خەلقنىڭ ئېتىقادى بوغۇپ تاشلانغانلىقى ھەققىدە پاكىتلار بىلەن سۆزلەپ كەتتى. ئەخمەتجان قاسىمى تەرىپ ئەتكەن مۇدھىش ۋەقەلەرنىڭ قەلبلەرنى ئۆرتىگەنلىكى، دۆلەت بايلىقىنىڭ تالان - تاراج قىلىنغانلىقى، گۇناھسىز دىللارغا تىغ سانجىلغانلىقى، بىرەھىم، بىشەپقەت، شەيتان لەئىن قىياپىتىدىكى باسقۇنچىلار

تامامىلىغان، ئۇلۇغۋار مەقسەتلەرگە خىزمەت قىلىشنى شەرەپ دەپ ئانت ئىچكەنلىكىڭىزنى ئەستىن چىقىرىۋاتىسىز. هازىرقى ۋەزىيەت سىز ئۈچۈن ھەقىقى ئىمتىھان سىناقتۇر.

ـ ئىنسان قېتىپ قالىدىغان، بىر مۇقامدا ئىش كۆرىدىغان ماشىنا ئەمەس، قەتئىي دادىل جاۋاب بەردى ئەخمەتجان قاسىمى ـ سوۋېت تەربىيىسىنى كۆرگىنىم راست. سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ئۇنىڭ تاشقى سىياسىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى جەزم ئەتكىنىممۇ راست. بۇنى ھاياتىم تارىخىدىن ئۆچۈرەلمەيمەن. ۋاقىتلاردا خاراپ بولغان مەملىكەت ئۇيغۇرىستانىنىڭ ئاۋازى ئىچىگە چۆككەن ئىدى. پۈتۈن ئەتراپنى قورقۇتۇش، ئىزتىراپ، تەشۋىش، ئۈمىدسىزلىك چۇلغاپ ئالغان ئىدى. ئەمەلدارلاردىن قورقۇش، جاسۇس جاللاتلاردىن قورقۇش، ھاكىمىيەت ۋە تۈزۈمدىن قورقۇش، چەتئەل ئادەملىرىدىن قورقۇش دەھشەت سالاتتى. ئۇيغۇرىستان خەلقلىرىنىڭ كۆزلىرىدىكى نۇر، قەددىدىكى قۇدرەت، تىلىدىكى ئەركىنلىك، دىلىدىكى جۈرئەت، ئېتىقادىدىكى ئىشەنچ سۆنگەن ئىدى. مەملىكەت خەلقى ئاللاھتىن باشقا ھېچ نەرسىگە ئىشەنمەس ئىدى. مەن ئۇيغۇرىستانغا قەدەم قويغىنىمدا تارىختا ھېچ كۆرۈلمىگەن پاجىئەلەرگە گۇۋاھ بولدۇم. گورۇھ ـ گورۇھ قاماش، قاتىللىق، سۈرگۈن ئەۋج ئالغان ئىدى. قەلبىم ئۆرتەندى، غەزەپ ـ نەپرىتىم قايناپ تاشتى. خەلققە پەقەت ئازاتلىق، مۇستەقىللىق كېرەك ئىدىكى، بۇ ئۈچۈن جاننى ئالقانغا ئېلىپ مەردانە كۈرەش قىلىشتىن باشقا ھېچ بىر يول يوق

ـ ھە! مەن غۇلجىدىكى سوۋېت پاسونىپىستىرا باشلىقى دوباشىنىنىڭ قەتئىي تەلىۋى ۋە بۇيرىقى بىلەن شۇنداق نام قوللىنىشقا مەجبۇر بولغانمەن. ئەگەر بۇيرۇقنى بىجا كەلتۈرمىسەم ھاياتىم خەۋپ ئاستىدا قالاتتى. بۇنى مەن چۈشىنىپ يەتكەنمەن. « شىنجاڭ» بولسا بولسۇن، لېكىن ۋەتەننىڭ ئازاتلىق يولىدىكى غايىۋى نىيەتلىرىم بەربات بولمىسۇن، دېگەن مەخسەتتە « ئىتتىپاق» نى تەشكىل قىلدىم. شەكىلدە ئەمەس، ئاساسىي مەزمۇندا چوڭ ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كىرىشتىم.

شۇ دەقىقىدە گېنېرال لېتنانت ئىسھاقبەگ مونونوپ قايناپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى:

ئۇيغۇرىستاننىڭ ھەر بىر پۇقراسى غايە، پىكىر ۋە قاراشلىرى ئۆز ئارا مۇشتەرەك بولغان. ئەنە شۇ «ئىتتىپاق» قا ئۇيۇشقان سولداتلاردۇر. كەلگۈسىدە ئىتتىپاق خەلق ئازاتلىق پارتىيىسىگە ئايلانغۇسىدۇر. شۇ چاغدا مىللىتارىست قوماندان زوزوڭتاڭ تەرەتنۇم ئەتكەن «شىنجاڭ » ئۆز ـ ئۆزىدىن، تارىختىن ئۆچىدۇ.

بەس! ـ دېدى موسكۋا رەھبىرىنىڭ جەھلى چىقىپ، سەپسەتۇازلىقنى يىغىشتۇرۇڭلار! شىنجاڭدا مىللىي ئىنقىلابنى بىز باشلاپ بەرگەنمىز. ئۇنىڭ نەتىجىسىنىمۇ بىز چىقىرىمىز. بىزنىڭ پىكىرىمىزگە قارشى چىقىش يوقىلىش دېمەكتۇر. سىز ئەخمەتجان قاسىماۋ سوۋېت ئىتتىپاقى تەربىيىسىنى كۆرگەن، موسكۋادا مەخسۇس كورسىنى

رەھبىرىنىڭ، ھەممىڭلا بىر قازاندا قاينىغان ئىكەنسىزلەر، دە
- قېنى كۆرىمىز.
يولداش ئاباباسوپ سىز نېمە دەيسىز؟
- يېڭى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى بىر پۈتۈن دۆلەتنى
دېموكراتىك ئاساستا قايتا قۇرىدىكەن، شىنجاڭ خىتاينىڭ بىر
ئۆلكىسى بولغان ھالدا مۇختارىيات تەمىن ئېتىلسە ئەينى
مۇددىئا بولاتتى.
ئاباباسوپنىڭ جاۋابىدىن موسكۋا رەھبىرىنىڭ يۈزىگە
تەبەسسۇم يۈگۈردى.
سىز يولداش لوجىڭ پىكرىڭىزنى بايان قىلسىڭىز؟
مەن يولداش ئاباباسوپنى قۇۋۋەتلەيمەن. شىنجاڭدىكى
خىتاي كوممۇنىستلار پارتىيىسى تەشكىلاتىنىڭ ئاساسى
مەقسىتىمۇ شۇ.
ماقۇل پىكىر دىدى، موسكۋا رەھبىرى ۋە ئەخمەتجان
قاسىمىنىڭ يېنىدا نېمىنىدۇ بىر نەرسىلەرنى پاپىكدىن
ئېلىۋاتقان غېنى كېرىمۇپقا كۆزى چۈشۈپ، تەكەببۇرانە:
سىزنىڭ پىكرىڭىزنىمۇ بىلەيلىچۇ؟ دېدى.
بۇ نەجىپ پەزىلەتلىك كەمسۇقۇم يىگىتنىڭ نامىنى
موسكۋا رەھبىرى تىلغا ئالماستىن كۆزىگە تىكىلىپ
تۇرىۋالدى. ئۇقۇمۇشلۇق غېنى كېرىموپ سالماقلىق بىلەن دانە
- دانە سۆزلەپ جاۋاب بەردى:
- ئۇيغۇرىستان بەشەرىيەت ئەقىل چەشمىسى كۆز ئاچقان،
بۈيۈك ئەللامىلار، مۇتەپەككۇرلار، شائىر - يازغۇچىلار،

ئىدى. شۇنداق كۆرەش ـ مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلاب ئىلقا رايونىدىن پارتلىدى. گومىنداڭچىلار كۆپ قوراللىق كۈچكە ئىگە بولسىمۇ خەلقنىڭ غەزىۋىگە قارشى تۇرالمىدى. مانا شۇ ئىنقىلاب مېنى تەربىيلىدى، ئۆزگەرتىپ تاشلىدى. 1947 - يىلى ئۇيغۇرىستاننىڭ قىشلاق، ۋىلايەت، شەھەرلىرىنى ئارىلاپ چىقتىم. خەلقنىڭ قەلبىگە قۇلاق سالدىم. ئەسرى زۇلۇمنىڭ پاجىئەلىرى مېنىڭ ئېتىقادىمنىمۇ، چۈشەنچەمنىمۇ تۈپتىن ئۆزگەرتىپ تاشلىدى، ھاياتقا پۈتۈنلەي باشقىچىلا قاراشقا مەجبۇر بولدۇم. ئۆتمۈشتىكى قاراشلىرىمنى تۈپتىن ئۆزگەرتىۋەتتى. ئۇيغۇرىستاننىڭ پەرزەنتى بولۇشتەك ئۇلۇغۋار غايىگە ئىگە قىلدى. ئەمدىلىكتە بۇ غايىدىن قايتىش خائىنلىقتۇر. ئۇلۇغ گرۇزىن شائىرى تاراس شېۋچېنكو «كىمنىڭ ئۆز ئانا يۇرتىغا مۇھەببىتى بولمىسا، ئۇنىڭ قەلبى مېيىپ، مېيىپتىنمۇ قاششاقتۇر» دېگىنىنى ئەسلەش جائىز دۇر.

بەس! خىتاپ قىلدى موسكۋا رەھبىرى. ـ ئىسھاقبەگ ئىككىڭلار بىلەن ئالاھىدە سۆزلىشىمىز. قېنى، سىز گېنېرال مايۇر بولداش دەلىلقان ئېيتىڭچۇ، «شىنجاڭ خىتاينىڭ ئايرىلماس ئۆلكىسى» دېگەن مەسىلە قويۇلسا، قانداق پىكىردە بولىسىز؟

مەن ئەخمەتجان قاسىمىنى قوللايمەن. بىزنىڭ غايىۋى نىيەتلىرىمىز بىر ۋە ئۆزگەرمەستۇر.

ھەم ـ كۆزلىرى چاقناپ كەتكەندەك بولدى موسكۋا

ھۆكۈمىتىمۇ ستالىن قۇياشىدىن بەھرىمەندۇر. ئۇنىڭ مېھرى ـ مۇھەببىتىگە، رەھنەمالىقىغا مۇھتاجدۇر. سىلەر كىم سىلەر؟ بىتايىن ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ قۇرۇق سەپسەتىلىرىگە ئۇسۇل ئوينىغانلار سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ، ئۇلۇغ داھىمىز ستالىنىنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرايسىلەر. بۇ گۇناھنى بىز ھېچ قاچان كۆچۈرەلمەيمىز. «شىنجاڭ» خەلقى ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىرى يېڭى خىتاي ھۆكۈمىتىنى تەن ئېلىپ، ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدە بەختىيار ياشىمىقى، ئۆز بەختىنى تاپمىقى كېرەك. بۈيۈك خىتايسىز بەختىيار كېلىچەك بولمايدۇ. سوۋېت خىتاي دوستلۇقى مانا شۇ مەقسەتلەردە تىكلەنگەن.

موسكۋا رەھبىرىنىڭ سۆزى توگە توگىمەيلا ئەخمەتجان قاسىمى سۆزلەپ كەتتى:

ئۇيغۇرىستانىنىڭ جاھان مەدەنىيىتى تارىخىدىكى ئورنىنى ساقلاپ قېلىش، مۇستەقىل تەرەققى قىلىشىنى تەمىنلەش، شانۇ شۆھرىتىنى تىكلەش ئەينى ۋاقىتتا سوتسىيالىزم قۇرۇش بىزنىڭ ئەينى مۇددىئايىمىزدۇر. بۈيۈك خىتايسىز بەختىيار كېلىچەك بولمايدۇ ياكى ئۇيغۇرىستان خىتايسىز نەپەس ئالالمايدۇ، دېيىش لېنىنىزمغا زىت قاراشتۇر. لېنىن ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدىغۇ؟

موسكۋا رەھبىرىنىڭ جەھلى چىقىپ ئۇستەلنى ئۇرۇشقا باشلىدى.

بۈيۈك داھىمىز ۋ. ئى لېنىن «شەرقتە بۈيۈك خىتاي

دانىشلەر، باخشىلار، سەنئەتكارلار شان ـ شۆھرەت تاپقان ئەۋلىيالار مەملىكىتىدۇر. دۇنيا مەدەنىيىتى تارىخىدا ئۇنىڭ ئورنى ئالاھىدە دۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇز مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قېلىشى، ئۆزىگە ئۆزى ھاكىم بولىشى كېرەك. چەتكە بېقىنىپ ياشاش ئەمدى مۇمكىن ئەمەس، ئىجتىمائىي ئاڭ ئويغاندى. ئازات بولىشى كېرەك. مەن ھۆرمەتلىك ئەخمەتجان قاسىمىنى قوللاپ قۇۋۋەتلەيمەن.

موسكۋا رەھبىرى «بۇ شۇمتەكنى ئەخمەتجان قاسىمى بىھۇدە ئەگەشتۇرۇپ يۈرمىگەن ئىكەن، دە» دېگەن خىيالغا كېلىپ قالدى. ۋەقەنىڭ ئەھۋالىدىن بىر خۇلاسىگە كەلگەن رەھبەر ئابدۇرشىت ئىمىنوپتىن پىكىر سوراشنى مۇددىئا ئەتمىدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ جاۋابىدىن كېيىن، ئەخمەتجان قاسىمىنى (شۇ قاتاردا ئىسھاقبەگ ۋە دەلىلقانىنمۇ )ھازىرقى ۋەزىيەتنىڭ راۋاجىدىن ئارقىدا قالغان، ئۇزاق كەلگۈسىگە قاراپ توغرا خۇلاسە چىقىرالمايدىغان كالتە پەم شەخسلەر سۈپىتىدە ئەيىبلەشكە، ھەتتا ھاقارەتلەشكە ئۆتتى:

ـ ئاش بەرگەن قازانغا تۈكۈرمەسلىك كېرەك. سوۋېت ئىتتىپاقى جاھاندا بىرىنچى سوتسىيالىستىك قۇدرەتلىك دۆلەت. پۈتكۈل دۇنيا پورولتارىياتلىرىنىڭ داھىلىرى لېنىن، ستالىن، جاھان خەلقلىرىنىڭ ئۇلۇغ يول باشلىغۇچىلىرىدۇر. ئۇلۇغ داھىمىز ستالىن دەۋرىمىزنىڭ لېنىنىدۇر. سونماس قۇياشىمىزدۇر. بىز بۇ قۇياشىمىزنىڭ پارلاق نۇرىدىن بەھرە ئېلىپ پارلاق كەلگۈسىگە قەدەم تاشلىدۇق. خىتاي

مەن (ھاكىم جاپپار - ئا. ب) تەرجىمانلىق ۋەزىپىنى بىجىردىم. ئۆزەمدىن بىرەر پىكىر، بىرەر ئېغىز قوشۇمچە سۆز -- ئىبارە قوشمىدىم. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ سوئال - جاۋابلىرىنى ئەينەن بايان قىلدىم. ئاقىۋەت سۆھبەت بىر خۇلاسىگە كېلىنمەي توختىدى. ئەتە - ئۆگۈن نېمە بولىشىنى بىلمىدىم. مېنىڭ پىرونزىغا قايتىشىمغا ئىجازەت بېرىشتى. ئېيتىش كېرەككى، بۇ سۆھبەتنىڭ مۇتلەق مەخپىلىكى، ھەر قانداق شارائىتتا ئاشكارىلانماسلىقى، ئەگەر بىرەر تىۋىش چىقىپ قالغۇدەك بولسا، بېشىم كېتىدىغانلىقى ھەققىدە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇلۇپ تىل خەت ئېلىشتى. مېنى يەنە شۇ پولكوۋنىك پىرونزىغا ئېلىپ قايتىدىكەن. 290 كېلومېتىرلىق مۇساپىنى قىزىل قىيامەت بىلەن باستىم. «قەيەردە مېنى ئېتىپ تاشلايدىكىن!» دېگەن مۇدھىش خىيال بىلەن مىڭ ئۆلۈپ مىڭ تىرىلىپ نەپەس ئالدىم. مانا شۇ «ئۇھ» 27 يىلدۇركى، يۈرۈكۈمدە پىنھانە ھالدا داۋام قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ھېچ كىمگە تىنمىدىم. ئەمما ئۆزەمدىن ئۆزەم يېنىپ، كۆيۈپ كۈل بولۇپ، «ئۇھ» تارتىپ كېلىۋاتىمەن. ئەمدى چىدامىم تۈگىدى. سەن مېنى توغرا چۈشەنگىن، دە - مەن بەندىلىك قىلىپ قالسام ئەڭ بولمىغاندا قەبرىمگە بېرىپ بۇ دەھشەتلەرنى ئاشكارا قىلساڭ، روھىم تىنىچ بولىدۇ. باشقا ئىلاج يوق. مەن ساڭا ئىشىنىمەن.

ھاكىم جاپپار 10 يىل ئېغىر كېسەل بولۇپ، بۇ كېسەللىك ئۇنىڭ قەددىنى پۈكتى، تىلىنى كەمتۈكلىدى.

بىلەن دوست بولماي تۇرۇپ جاھان سوتسىيالىزمىنى قۇرغىلى بولمايدۇ» دېگەن. سەنلەر لېنىنىزمنى چالا پۇلا ئۆگىنىۋېلىپلا چۇقان كۆتۈرۈشىسەن، لېنىنىزم ـ رېئالىزم دېمەكتۇر. ۋەقەلىك بىلەن ھېساپلاشماسلىق لېنىنىزمگە مۇتلەقا زىت مەپكۇرە، گەپ تامام.

موسكۋا رەھبىرى ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇياق بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى ۋە موسكۋانىڭ سۆزىدىن چىقماسلىققا، موسكۋا بىلەن نەپەس ئېلىشقا دەۋەت قىلدى. دەۋەت قىلدىلا ئەمەس، مەجبۇرلىدى. ئەتىگەن سائەت 10 دا باشلانغان سۆھبەت كەچ سائەت 22 گىچە قاتتىق كايىشلار، سۆكۈشلەر، دوق قىلىشلار، قورقۇتۇشلار بىلەن داۋام قىلدى. بەربىر ئەخمەتجان قاسىمى ئۆز پىكرىدىن، غايىسىدىن قايتمىدى. كەسكىن مۇنازىرىلەر، تالاش ـ تارتىشلار، ھوقۇق ئىشلىتىشلەر، كەمسىتىشلەر ئەخمەتجان قاسىمىنى ئۆزگەرتەلمىدى. بۇ غەيرىي قانۇنى سوراقتا ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبەگ، دەلىلقان، غېنى كېرىمۇپ، ئابدۇرشىت ئىمىنوپ (ئۇ پىكىر ئېيتمىغان بولسىمۇ لوقما تاشلاپ تۇرغان ئىدى)لارنىڭ پەلسەپەۋى قاراشلىرى ۋە ئۇيغۇرىستان خەلقلىرى ئۆز ئەركىگە ئۆزى ئىگە بولۇش، مۇستەقىل مەملىكەتكە ئۆزى ھاكىم بولۇش شەرت ۋە قانۇندۇر، دېگەندىن ئىبارەت بولدى. ئۇلار ئۆز تەقدىرلىرىگە قانچىلىك مالامەت، قانچىلىك ھاقارەت ۋە قانچىلىك قىناقلار بولىشىدىن قىلچىمۇ چۆچۈپ كەتمىدى، دادىل تۇرۇشتى.

بىز بۇ سۆھبەتنى ھەرگىزمۇ بىھۇدە قەلەمگە ئالمىدۇق. كېيىنكى دەۋىردىكى ئۆزىنى ئۆزى پاش قىلىپ ئېلان قىلىنغان ماتېرىياللار، خەلق ئىچىدىكى گەپ - سۆزلەر ۋە شۇبھىلەر بۇ سۆھبەت قانلىق تېررورلۇقنىڭ باشلىنىش بولغانلىقىنى كۆرسەتتى.

ستالىنىزم - چەتئەل كىشىلىرىنىڭ مىللىي ئىدراكىغا، ۋەتەننى سۆيۈش ئەخلاقىغا، تارىخ، كېلىچەك ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتنىڭ يىلتىزىغا پالتا ئۇرىدىغان سىياسەت ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىق ۋە پاكلىنىش دەۋرى ئىسپاتلاپ بەردى. ستالىنىزمنىڭ دەھشەتلىك قورقۇنچى تېرىك ۋىژدانىنى ئاسارەتكە سالغان ئىدى. ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق مىللىي رەھبەرلىرىمىزنى ئالمۇتاغا چاقىرىۋېلىپ تەھقىرلىگەن، ھاقارەتلىگەن، «شىنجاڭ خىتاينىڭ ئۆلكىسى» دەپ مەجبۇرلىغان رەھبەرلىكنىڭ نېمىنى مەقسەت قىلغانلىقىنى بىز ئەمدىلەتىن چۈشىنىۋاتىمىز. ھايات قانۇنى شۇنداقكى، ھەرقانداق پاجىئەنىڭ ئىپتىدائى سەۋەبى بولغىنىدەك، ئىنتىھاسى - ئاقىۋىتىمۇ بولىدۇ. مەلۇمكى تارىخنىڭ نىگاھى روشەن.

بۇ قانۇنسىزلىقنىڭ يۈز بەرگىنىگە يېرىم ئەسىرگە يېقىن بولسىمۇ، بەزىبىر ئىمانسىز رەھبەرلەر تا بۈگۈنگىچە بىرەر ئېغىز سۆز ئاچماي ئىچىدە ساقلاپ كەلدى. بەزىلىرى بولسا ساقلىغىنىچە بۇ دۇنيادىن كەتتى.

ئەھلى مۆمىنلەرنىڭ ئاغزىدا «ئەخمەتجان قاسىمى

لېكىن ئۇ بۇ ناھايىتى پىنھان تۇتۇلغان قانخورلۇقنى تالانتلىق شائىر ۋە ژورنالىست ئابدۇغوپۇر قۇتلۇقنىڭ (ئۇ خىزمەت بىلەن پىرونزىغا بارغىنىدا) ئازدور كۆپتۇر سۆزلەپ بەرگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. 1990 - يىلى كۈزدە ھاشىر ۋاھىدى ھاكىم جاپپارنى سوراقلاپ بارغىنىدا بۇ قانلىق پاجىئەنى مادارى كېلىشىچە سۆزلەپ بەرگەنلىكىنى ۋە ئۈچ كىشىلىك گۇۋاھلار ئىشتىراكىدا كاستقا يېزىپ ئالغانلىقىدىن خەۋەردار بولدۇم. ھاشىر ۋاھىدىنىڭ ئېيتىشىچە، ئالمۇتادىكى سوراق سۆھبىتىگە «شەرقىي تۈركىستان خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى مارشال ئېلىخان تۆرىگە مەسلىھەتچى بولغان مۇخسىن ئابدۇللىنمۇ قاتناشقان ئىكەن. ھاكىم جاپپار بىلەن مۇخسىن ئابدۇللىن قەدىناس دوست، غايىۋى مەسلەكداش بولغىنى ئۈچۈنمۇ ياكى ناجىيە ۋەقە سادىر بولۇپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلغانمۇ، ماڭا مۇخسىن ئابدۇللىن ئىشتىراكنى ئېيتمىغان ئىدى. كېيىنكى سۈرۈشتۈرۈشلەردە ھاشىر ۋاھىدىنىڭ مەلۇماتىنىڭ توغرىلىقى ھەتتا ئەڭ كونا رازۋېتچىك مەنسۇر ئەپەندى (مەنسۇر روزىيېۋ) مۇ قاتناشقانلىقى مەلۇم بولدى. ئەپسۇسكى، بۇ ئىككى شەخسى بۇ پىنھانە قانخورلۇقنى پاش قىلماي، ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ كېتىشتى.

* * * * *

ۋاقىتلاردا (1948 - يىلى) بايقال كۆلى ئېتىكىدە خىتايغا كىرگۈزۈلىدىغان سوۋېت رازۋېت بۆلۈمى (ئۇنىڭ رەھبىرى پولكوۋنىك م. كاگانوۋىچ) جىددى پائالىيەت كۆرسىتىۋاتقان بولۇپ، مەلۇم سۇيىقەستلەر شۇ يەردە ئەمەلگە ئاشۇرۇلاتتى. شۇ قاتاردا «ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق مىللى رەھبەرلەر شۇ يەردە قەتلى ئېتىلگەن» دېگەن گەپ - سۆزلەرمۇ قۇلاققا چېلىناتتى.

ئۈچ ۋىلايەت مىللي ئازاتلىق ئىنقىلاب دەۋرىدە ئىلىم - پەن ۋە مەرىپەتنىڭ كۆپلىگەن ساھەپلىرى يېتىشىپ چىققان، مەسئۇل ۋەزىپىلەرنى بىجىرىۋاتقان ئىدىكى، ئۆتكۈر دىد، زېھىن بىلەن ۋەقەلىكنى گۇزۇتىشەتتى. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئەخمەتجان قاسىمىگە بولغان مېھرى - مۇھەببەتلىرى چەكسىز ئىدى. ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ھەربىر ھەرىكەتلىرىدىن، سۆز ۋە ئېيتىلىشلىرىدىن زوقلىنىپ ئۇنىڭ ساغلىقى ئۈچۈن كۆيۈنەتتى. پاجىئە ئۇلارنىڭ قەلبلىرىنى ئۆرتەپ تاشلىدى. ئەسلىدە ئەخمەتجان قاسىمى باش بولغان ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى رويىختىنى غۇلجىدىكى سوۋېت پاسولستىۋاسى تۈزگەن بولۇپ، ئۇلارنى بېيجىڭدىن - ماۋزېدوڭدىن؟ تېلىگىراما كېلىشى بىلەنلا ئالموتاغا ئەۋەتىدۇ. بۇ ۋەقەلىكتىن «شەرقي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى» ۋە ئۇنىڭ رىياسىتى غايىپ قالىدۇ. ئەگەر بېيجىڭغا ۋەكىل ئەۋەتىش زۆرۈر ئىكەن، ئۇنى ھۆكۈمەت رىياستى يىغىندا بار مەسلىھەت سايلىشى، ئوتتۇرىغا قويىلىدىغان مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىشى ۋە

باشلىق مىللىي رەھبەرلىرىمىزنى ستالىننىڭ گوماشتىلىرى ئۆرۈپ، قىيناپ ئۆلتۈرگەنمىش» دېگەن سۆزلەر ئېغىزدىن ئېغىزغا ۋە مىللىي چېگرالاردىن ھالقىپ كۆچۈپ يۈردى.

1949 - يىلى مارت ئېيىدا غۇلجا شەھىرىدىكى ئۈ ق ق (ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز) كۇلۇبىدا سەيپىدىن ئەزىزى زىيالىلار جامائەتچىلىكىگە: «ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق رەھبەرلىرىمىز ئايروپىلان ھادىسىسىگە ئۇچراپ ھالاك بولدى» دېگەن شۇم خەۋەرنى ئېلان قىلغىنىدا پۈتۈن ئەھلى زىيالىلار قان يىغلاپ ماتەم تۇتتى. شائىر ئابدۇرھىم يۈسۈپى: «يالغان، ئۆرۈسلار ئۆلتۈرگەن!» دەپ قاتتىق ئېتىراز بىلدۈردى. بۇ پىكىر قانچىلىغان زىيالىلار، شائىر ۋە يازغۇچىلارنى قاتتىق شۈبھىلەندۈردى. كۆپچىلىك زىيالىلار، رەھبىرى خادىملار ۋەقەنىڭ تۈپ ماھىيىتىنى ئاڭلاپ يەتمىگەنلىكتىن بىرەر ئارتۇقچە كەلىمە ئېيتىپ قويۇشتىن ئېھتىيات قىلىشتى. ئۆتمۈشتىكى پاجىئەلەردىن خەۋەردار بولغان ئايرىم شەخسلەر خوجىنىياز ھاجى، ئېلىخان تۆرە سوۋېت رازۋېتچىكلىرى تەرىپىدىن تەقىپ ئېتىلگەنلىكىنى، خوجىنىياز ھاجىنى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى سوۋېت كونسۇلخانىسى ئەجىلىدىن بۇرۇن ئۇجۇقتۇرغانلىقىنى، ئېلىخان تۆرىنى بىر كېچىدىلا ئوغۇرلاپ كېتىپ تاشكەنتتە نەزەربەنت قىلغانلىقىنى ئەسلەشتى. بەربىر ئايروپىلان پاجىئەسى ئەمەس، قانداقتۇر سىرلىق قاتىللىق يۈز بەرگەنلىكىنى ھېس ئېتىشەتتى.

رازۋېت مەلۇماتلىرىغا ئېتىبار قىلىدىكەنمىز، شۇ

ئېتىباردىن ساقىت قىلمايلىكى، ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىن ماۋزېدوڭغا يېزىلغان ئۇيغۇرچە تېلېگراممىدىمۇ سەيپىدىنىنىڭ دەستىخېتىدە مۇنۇلار يېزىلغان.

«پۈتۈن مەملىكەت خەلقلىرىنىڭ يېڭى سىياسىي كېڭىشى تەييارلىق ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى سۆيۈملۈك ماۋزېدوڭ ئەپەندىگە. ئەۋەتكەن ئالاقىڭىزنى تاپشۇرۇپ ئالدۇق. جانابىڭىز بىزگە قويغان مەسىلىلەر پۈتۈن ئۆلكە خەلقىمىزنىڭ ئۇزۇندىن بېرى كۈتكەن ئارزۇ تېلىگىدۇر. بىز خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ ئۇلۇغ ئۇتۇقلىرىنى پۈتۈن جۇڭگو، پۈتۈن دۇنيا ۋە پۈتۈن ئۆلكە ئازاتلىقىنىڭ غەلىبىسى دەپ تونۇيمىز. شۇڭلاشقا بىز جانابىڭىزنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىڭىزگە چەكسىز تەشەككۇر ۋە خۇرسەنلىكىمىزنى بايان قىلىشىمىز بىلەن ئۆز ۋەكىلىمىزنى يىغىنغا ئەۋەتىشنى بىلدۈرىمىز.»

ھۆرمەت بىلەن مەخسۇس رايون خەلق ۋەكىلى ئەخمەتجان قاسىمى

1949 - 20 - ئاۋغۇست شەھىرى غۇلجا

بۇ تېلېگراممىدىمۇ ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ قولى ياكى مۆھۈرى يوق.

ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق رەھبەرلەرنى بىر كېچىدىلا قەيەرگىدۇ ئېلىپ كەتكەنلىكىنى بايقىغان بەزى مەسئۇل خادىملار، خەلق مۆتىۋەرلىرى سوراقلىغاندا سەيپىدىن مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ: «ئەخمەت ئەپەندىملەر ئالتايغا خىزمەت تەكشۈرگىلى كەتتى.» سەيپىدىن ئەزىزى: ( «ئۆمۈر داستانى

قارار قوبۇل قىلىشى شەرت ۋە زۆرۈر ئىدىكى، بۇ ئىشلار مۇتلەق ئىپتىباردىن چەتتە قالىدۇ.

ئەسلىنى ئالغاندا بۇ پۈتۈنلەي قانۇنسىزلىقتۇر.

ماۋزېدوڭ نامى بىلەن ئەۋەتىلگەن ئۈچ سەھىپىلىك تېلېگراممىنىڭ ئەسلى «چولپان» مەجمۇئەسىدە ئېلان قىلىنغانىكى، ئۇنىڭدا ماۋزېدوڭنىڭ قولى ياكى مۆھۈرى يوق. خىتاي يېزىقىدىكى قۇرۇق يازما تېلېگراما ھاشىيىسىدە سەيپىدىنىنىڭ تۆۋەندىكىچە دەستى خېتى بار.

«بۇ تەلەپكە بىنائەن، ئەخمەتجان تۆۋەنجاڭ، ئىسھاقبەگ، ئاباسوپ، دەلىلقان، لوجىژلاردىن ئىبارەت ۋەكىللەر ئۆمىكى 1949 - يىلى 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى سوۋېت ئارقىلىق يولغا چىقتى. 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى بايقال ئۈستى تاغلىرىدا ئايروپىلان ۋەقەسى بىلەن قۇربان بولدى. 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى مەن توجى، ئالىمجان، جانىلار يولغا چىقىپ، 15 - كۈنى بېيجىڭگە كەلدىم. سەيپىدىن.»

سەيپىدىنىنىڭ بۇ دەستخېتى ناھايىتى كۆپ شۈبھىلەرنى تۇغدۇرىدۇ. بىرىنچىدىن، ئۇ ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق رەھبەرلەرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەنلىكىنى، پاجىئەگە يولۇققانلىقىنى ئۆز ۋاقتىدا بىلگەن. لېكىن ناھايىتى پىنھان تۇتقان. خەلققە ئالتە ئايدىن كېيىن ئېلان قىلغان. ئىككىنچىدىن، «شەرقىي تۈركىستان خەلق ھۆكۈمىتى» نىڭ قارارىسىز ئۆزى باشلىق تۆت كىشى بېيجىڭغا ۋەكىل بولۇپ بارغان.

بۇزۇلغانلىقى ئۈچۈن بەختكە قارشى تاغقا سوقۇلۇپ كىتىپ، ئايروپىلاندىكى 17 كىشىنىڭ ھەممىسى قازاغا ئۇچرىدى.» (شۇ ئەسەر، 422 - 423 - بەتلەر) يەنە داۋام قىلدى:

«مەن دىڭلىچۇڭگە (شۇ ۋاقىتلاردا ھاكىمىيەتنى باشقۇرىۋاتقان خىتاي ئەمەلدارى ئا. ب) بۇ شۇم خەۋەرنى يەتكۈزدۈم. ئۇ بۇ خەۋەرنى مەركەزگە ئۇختۇرماقچى بولدى. ... بۇ خەۋەرنى مۇتلەق مەخپى تۇتۇشنى، ئەسئەد ئىسھاقوف، سەيپۇللايوپ، لىسكىن ۋە نەبىجان قاتارلىق يولداشلاردىن باشقا ھېچ كىمگە ئۇختۇرماسلىقنى قارار قىلدۇق. » (شۇ ئەسەر، 424 - بەت)

خوش بۇ پاجىئەنى نېمىشقا خەلق ئاممىسىدىن، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىدىن يوشۇرۇپ، مۇتلەق مەخپى تۇتىدۇ؟ سەيپىدىن دىڭلىچۇڭگە ئۇچراپ ئۇنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئىش كۆرگەنلىكىنىڭ تېگىدە نېمە مەقسەتلەر يوشۇرۇنغان؟ ئەسئەت، سەيپۇللايوپ، لىسكىن، نەبىجان قاتارلىق ئالتە كىشىلا بىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتىدە پاجىئەنىڭ بولىشىدىن ئالدىنئالا خەۋەردارلىقى ئاشكىلىشلامدۇ؟

سەيپىدىن داۋام قىلىدۇ:

«9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى لىسكىننىڭ ئۆيىگە يىغىلىپ ئايرودورومغا چىقتۇق. ماڭا تەرجىمان ۋە كاتىپ بولۇپ بارىدىغان دېلىن بىلەن خوجا ئەھمەد ئابدۇللايېۋنى سورىدىم. سورۇشتۇرسام ئۇلارنى لىسكىن ھويلىسىدىكى بىر ئىسكىلاتقا ئولتۇرغۇزۇپ، سىرتىدىن قۇلۇپلاپ قويۇپتۇ. .. مەن

ئەسلىمە 2» بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 1990 - يىل 962 - بەت) يەنە يازىدۇ:

« ئەخمەت ئەپەندىملەر ماشىنا بىلەن ئالموتاغا بېرىپ ئۇيەردىن ئايرۇپىلانغا چۈشكەن.» (شۇ ئەسەر، شۇ سەھىپە)

ئېتىبار قىلىڭ. ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق رەھبەرلەر ماشىنا بىلەن ئالموتاغا بارغانلىقنى بىلگەن سەيپىدىن نېمىشقا مەسئۇل خادىملار ۋە مۆتىۋەر زاتلارغا « ئالتايغا كەتتى» دەپ يالغان سۆزلەيدۇ؟ ئالدايدۇ؟ بۇ ساختىپەزلىكنىڭ زەمىرىدە (ئىچىدە) ناھايىتى چوڭ خەۋپ - سىر يوشۇرۇنغاندۇر.

تېلىگىراممىلارغا ئىمزا چېكىلمىگەنلىكى جاۋاب تېلىگىراممىنى سەيپىدىن يازغانلىقى ۋە ھاشىيەسىگە دەستىخەت قالدۇرغانلىقى ۋە نىھايەت ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق رەھبەرلەرنىڭ ئالمۇتاغا كەتكەنلىكىنى سىر تۇتقانلىقى قانداقتۇر مۇدھىش بىر ۋەقەنىڭ (پاجىئەنىڭ) ناھايىتى پۇختا بىر يوشۇرۇن سۇيىقەست ئۇيۇشتۇرغانلىقىنى ئاڭلىتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەقلىق شۇبھە ئويغىتىدۇ.

سەيپىدىن يازىدۇ:

« 1949 -- يىلى 3 - سىنتەبىر كۈنى سوۋېت كونسۇلخانىسى مېنى چاقىردى. بىز موسكۋادىن بىر جىددى تېلىگىراما ئالدۇق. ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۈمىگى ئولتۇرغان ئايرۇپىلان ئىركوتىسكى شەھرىدىن ئۆتۈپ ئەزا بايكال تېغىنىڭ يېنىغا كەلگەندە ھاۋا

رەھبەرلەرنىڭ جەسەتلىرى ئالتە ئايدىن كېيىن (كۈز ۋە قىش ئۆتۈپ) تېپىلغانلىقى، ئابباسوۋنىڭ تېنى (جەسىدى) نىڭ پۈتۈنلىكى ھاڭۋاقتىنىمۇ ئىشەندۈرەلەمدۇ؟ «ھەممە نەرسە كۆيۈپ تۈگەپتۇ» دەپ تۇرۇپتۇ، - يۇ ئابباسوپنىڭ تاش ئۈستىدە پۈتۈن قېلىشى قانداق تەسادىپ؟ ئاخىر ئايرۇپىلان تاغقا ئۇرۇلغانغۇ؟ ئېنىق قىلىپ ئېيتماقچىمىزكى، «جەسەتلەر 1950 - يىلى 15 - مارت كۈنى سوۋېت تېررىتورىيىسىدىن غۇلجا شەھرىگە ئېغىر مۇسىبەت ۋە ئېچىنىش ئىچىدە ئېلىپ كېلىندى» (ئادىلجان قاسىمى، «دادام ئەخمەتجان» (تارىخى ئەسلىمە) « چولپان» مەجمۇئەسى 85 - بەت) 1987 - يىل ئۈرۈمچى)

بىز يەنە شۇنى ھەم ئۇقۇغۇچىمىز ئېتىبارىغا ھاۋالە قىلىمىزكى، 1950 - يىلى 16 - مارت كۈنى بىر سوۋېت ھەربي كىشىسى ئابباسوپنىڭ ئىنىسى خەمىت ئابباسوپنىڭ ئۆيىگە «تەشرىپ» قىلىپ:

«مانا بۇ سائەت، تۈت ئۆيۇل ئالتۇن ۋە بوۋىڭىزنىڭ پورتىرىتى، ئاكىڭىز ئابباسوپنىڭ يېنىدىن ئېلىندى. تاپشۇرۇپ ئالغايسىز»، دەپ بەرگەن ۋاقتىدا سائەتنىڭ مېڭىپ تۇرغانلىقىنى ۋە بوۋىسىنىڭ رەسىمى زەخملەنگەنلىكىنى قېرىنداش ئۇرۇغلىرى، خولۇم - خوشنىلىرى كۆرگەن ۋە گۇۋاھ بولغان. سەيپىدىنىنىڭ يېزىشىچە 8600 مېتىر ئېگىزلىكتە ئۇچقان سامالىيوت تاغقا ئۇرۇلۇپ، ھەممە نەرسە كۆيۈپ كۇل بولىدىكەن، ئابباسوپنىڭ تېنى پۈتۈن، سائىتى ۋە دادىسىنىڭ

ئاچچىقلىنىپ لىسكىنگە كايىپ، بۇ نېمە قىلغىنىڭ دىسەم، «بۇقەتئى مەخپىي» دەپ جاۋاب بەردى.» (شۇ ئەسەر، 463 - بەت)

خوش، لىسكىنىنىڭ ئىككى خادىمنى سولاپ قويغىنىنى «بۇ قەتئى مەخپىي» دەپ جاۋاب بەرگەنلىكىنى قانداق چۈشەنمەك كېرەك؟ لىسكىن نېمىنى سىر تۇتتى؟ لىسكىنىنىڭ جاۋابىدىن سەيپىدىنىنىڭ تېخىرقاپ قالغانلىقىنىڭ ۋەجى نېمە؟ يەنە داۋام قىلىدۇ:

«مەن 1950 - يىلى (فېۋرال) ماۋجۇشى باشچىلىقىدىكى ختاي ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن موسكۋاغا بارغىنىمدا سوۋېت تەرەپ ئەخمەت ئەپەندىملەرنىڭ جەسىدى تېپىلغانلىقىنى، خالىسا ئېلىپ كېتىشكە بولىدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. ئالموتاغا كېلىپ جەسەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ ئالدۇق. شۇ كۈنى باشقا ئايروپىلاندا غۇلجىغا ئېلىپ كېلىندى. جەسەتلەر ئەينەك يەشكىلەرگە خېمىيەلىك دورىلار بىلەن قاتۇرۇلۇپ قاچىلانغان ئىكەن. ئېچىپ كۆرسەك، باشقىلارنىڭ تېنى پارچىلىنىپ كېتىپتۇ. ياخشى تونىغىلى بولمايدۇ. ئاباسوۋنىڭ تېنى پۈتۈن، بېشى يېرىلغان. ئاباسوۋ ئايروپىلاندىن چۈشۈپ كەتكەن يەردىن 20 مېترچە يىراقتا تاش ئۈستىدە ياتقانمىش... ئېيتىشىلىرىچە، ئايروپىلان نەرسە - كېرەك، كىيىم - كېچەك ھەممىسى كۆيۈپ تۈگەپتۇ. كەڭ بىر پارچە ئورمانمۇ كۆيۈپ تۈگەپتۇ» (شۇ ئەسەر، 467 - بەت)

ئېتىبار قىلىڭ، ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق

ئۈزۈلۈپ پاچىغا يۈز بەرگەندە ھەر ئىككىلا سامالىيوتتىكى يولۇچىلار جەسەتلىرىدىن بىر پارچىمۇ تېپىلمىدى. سەيپىدىنىڭ جۆيلۈشلىرى، توغرىسى ساختىپەزلىكى تۆۋەندىكىچە داۋام قىلىدۇ: « ئايروپىلان 4000 مېتىر ئېگىزلىكتە كۆتۈرۈلگەندە ئۇچقۇچى كاپىتان يۇسۇپوۋ ئەھمەد ئەپەندىلەر چۈشۈپ كەتكەن يانبول پىرىۋال دېگەن جاينى كۆرسەتتى. قارىسام بىر پارچە چوڭ يەرنىڭ كۆيۈپ كەتكەنلىكى ۋە ئۇيەر بۇيەردە پارچە - پارچە قارا نەرسىلەر كۆرۈنەتتى. ئۇ كۆرۈنگەن نەرسىلەر ئۇلارنىڭ جەسەتلىرىمۇ بولۇشى مۇمكىن. .. ئۇلار يارىدار بولۇپ، ھايات ياتقاندىمۇ يا؟ .. ئەنە ئەخمەت ئەپەندىم: «ساڭا ئاق يول بولسۇن، بىز ئادا قىلمىغان ۋەزىپىنى سەن ئورۇنلاپ كەل! دېگەندەك قىلىدۇ.» (شۇ ئەسەر، 468 - 466 - بەتلەر)

بۇ سۆزگە كۈلەمسەن، كۆيەمسەن؟ سەيپىدىن ئۆزىنى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ۋارىسى قىلىپ كۆرسەتكىنىگە «توپىدا ماي بارمۇ؟» دېگەن شەيتانمۇ ئىشەنمەيدۇ. بىر دانىشمەن: «يالغانچىنى يالغىنى چىققۇچە قوغلاش كېرەك» دېگەن ئىكەن. قېنى ئەمدى سەيپىدىننى قوغلايلىچۇ؟!

سەيپىدىن يازىدۇ: « بۇ مەجلىسنىڭ ئىككىنچى كۈنى (1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ) جۇ ئېنلەي ماڭا بۇ مەجلىستە، ئەخمەت ئەپەندىلەرنىڭ قۇربان بولغانلىقىنى ئېلان قىلىپ، شىنجاڭغا بىر تەزىيە تېلىگراممىسى يوللاشنى ئېيتتى. مەن يولداش جۇ ئېنلەيگە، ھازىرچە بۇ ئىشنى قىلماي

رەسمى كۆيمەي ساق قالغىنىغا نانىنىڭ ئۇلۇك - تەتۈرىنى بىلمەيدىغان كىشىمۇ ئىشەنمەيدۇ.

ئەھلى ئالەمگە مەلۇمكى، پاكىستان پىرىزدېنتى زىيائۇل ھەق سامالىيۇتتا 6000 مېتىر ئېگىزلىكتە پاجىئەگە ئۇچرىغاندا ئىكپاز ۋە سامالىيوتتكى بارلىق ھىمايىچىلاردىن بىرەر پارچە سۆڭەك ھەتتا كىيىملىرىدىن بىرەر پۇرۇچ تېپىلمىغانلىقى، ئەگەر بىرەر ماددى ئەشيا تېپىلسا ئېكسپېرتىزا ھادىسىنىڭ سەۋەبىنى ئېچىشقا ماتېرىيال بېرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىشقان ئىدىغۇ؟

كېيىنكى 50 يىل ئىچىدە مۇنداق ھادىسىلەر ناھايىتى كۆپ بولدى. 1949 - يىلى ئىتالىيەنىڭ مەشھۇر « تورىنا» پۇتبول كوماندىسى چۈشكەن سامالىيوت بىر ئىبادەتخانىغا ئۇرۇلۇپ كۆيۈپ كەتتى. ھەممەيلەن كۆيۈپ كۆلگە ئايلاندى. 1958 - يىلى مېيونخېندىن كۆتۈرۈلگەن «ئېلىزابېت - 609 » لېينىرى تۈمشۇغى بىلەن يەرگە ئۇرۇلۇپ پارتلاپ كەتتى، ھېچ نەرسە قالمىدى.

1961 - يىلى چىلىنىڭ « گرىنكروسىس» پۇتبول كوماندىسى چۈشكەن سامالىيوت ئاند تاغلىرىدا ھادىسىگە ئۇچرىدى، سامالىيوتمۇ، جەسەتلەرمۇ تېپىلمىدى.

1969 - يىلى بولىۋىينىڭ « سېترونگىسېت» پۇتبول كوماندىسى چۈشكەن سامالىيوت تاغقا ئۇرۇلۇپ پارتلاپ كەتتى. شۇنداقلا 1979 - يىلى ئۆزبەكىستاننىڭ «پاختىكار» پۇتبول كوماندىسى 8000 مېتىر ئېگىزلىكتە ئىككىنچى سامالىيوتقا

رەھۋازلىقتۇر.

قاچان بولمىسۇن يالغانچىلىق، ساختىپەزلىك، رەھۋازلىق پاش بولماي قالمايدۇ. ئېيتايلۇق، ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق رەھبەرلەرنى سىياسى مەسلىھەت كېڭەشكە (كېڭەش 1949 - يىلى 25 - سىنتەبىردە ئېچىلىش كېرەك) بىر ئاي ئىككى كۈن بۇرۇن ئالموتاغا يوشۇرۇن - قەتئىي مەخپىي ئېلىپ كېتىشىنىڭ ئاساسىي سەۋەبى ستالىننىڭ كۆرسەتمىسىگە ئىتائەت قىلىش، تېز چۈكتۈرۈش ئىكەنلىكىنى ھاكىم جاپپارنىڭ سۆھبىتىدىن چۈشەنگەن ئىدۇق. ئۇلار موسكۋانىڭ - ستالىننىڭ سۆزىگە كىرمىگەن ۋە قەتئىي قارشىلىق پوزىتسىيەدە بولغانلىقتىن سۈيىقەست ئۇيۇشتۇرغانلىقى، بۇنى ساماليوت پاجىئەسى دېگەن ساختىپەزلىك بىلەن ئالدىماقچى بولغانلىقى ئۆز ئۆزىدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. پاكىتلاردىن ئايانكى، 1946 - يىلى جۇمھۇر رەئىسى ئېلىخان تۆرىنى بىر كېچىدىلا قەتئىي مەخپىي ئوغۇرلاپ كەتكەن ئىدى. خەلق ئېلىخان تۆرەم قېنى؟ دەپ سورىغاندا سەيپىدىن: «بۆرىتالا ئارشىڭدا دەم ئېلىۋاتىدۇ» دەپ يالغان ئېيتقان ئىدى. ئاخىر ئەخمەت ئەپەندىم باشلىق مىللىي رەھبەرلەر چۈشكەن ساماليوت ھادىسىگە ئۇچرىغان ئىكەن، نېمىشقا سوۋېت رەھبەرلىكى خىتاي رەھبەرلىكىگە تەزىيە ئېلان قىلمايدۇ؟ بىز 1949 - يىلى ئاۋغۇست، سىنتەبىردىكى سوۋېت مەتبۇئاتىنى (مەركىزى گېزىتلارنى) باشتىن ئاخىر كۆزدىن كەچۈردۇق. ساماليوتتا ئۇيغۇرىستاندىن 8 كىشى، سوۋېتتىن 10 كىشى

تۇرساق، ئۇلارنىڭ ۋاپاتىنى بىز بارغۇچە مەخپىي تۇتۇپ تۇرساق، دېدىم ۋە سەۋەبىنى ئېيتتىم. جۇ ئېنلەي قوشۇلدى» (شۇ ئەسەر، 490 - بەت)

بۇ مەخپىي تۇتۇش ۋە ئۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ خىتاينىڭ «ئاتاغلىق رەھبىرى»نى سۆزىگە كىرگۈزگەن سەيپىدىنىنىڭ قۇدرىتى نېمىدۇ؟ ياكى غۇلجىدىكى سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ ئىجازىتىسىز ئىش كۆرۈش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى باھانە قىلدىمىكى؟ سەيپىدىنگە جۇمھۇر رەئىس ئېلىخان تۆرىنىڭ «ئۆتۈپ كەتكەن مۇغەمبەر» دەپ باسقان تامغىسى ئەپت - بەشىرەسىنى نامايىش ئېتىۋاتامدۇ؟ سەيپىدىنىنىڭ مەنىۋى - غايىۋى تايانچىسى بولغان دېڭلىچۇننىڭ قىياپىتى كۆز ئالدىغا كەلدىمۇ يا؟ ئەسلىدە دېڭلىچۇن سەيپىدىنگە چەك - چېگرىسىز ئابرۇي مەنسەپ ۋەدە قىلىپ بۇرۇندىن يىپ ئۆتكۈزۈپ ئالغانلىقىنى ئەسكە ئېلىۋاتامدۇكىن! ئومۇمەن جۇ ئېنلەي بىلەن بولغان سۆھبەتنىڭ روھىدا دۆلەت خارەكتېرلىك سىر يوشۇرۇنغاندۇر.

خۇلاسىلاپ ئېيتساق، ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق رەھبەرلەرنىڭ « ئايروپىلان ھالاكىتىگە ئۇچرىغان» دېگەن ئويدۇرما، ساختىپەزلىك، سەيپىدىن، دېڭلىچۇن ۋە سوۋېت كونسۇلخانىسى باشلىقى دوباشىنلار ئۇلارغا قوشۇلۇپ ئەسئەد، سەيپۇللايوپ، لېسكىن ۋە نەبىجانلارنىڭ ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئۇيۇشتۇرغان، ئۇيغۇرىستان خەلقلىرىنى ئالداش، غۇربەتتە قالدۇرۇش مەقسىتىدە يارىتالغان سىياسىي

رەھبىرى دەرىجىسىدە مەدھىيلەندى. شۇ ئاساستا ۋەقەلىككە مۇتلەقا زىت پىكىر - مۇلاھىزىلىرى بىلەن خىتاينىڭ مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىنى تەشۋىق - تەرغىب قىلىشقا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كىرىشىپ كەتتى. ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئازاتلىق ھەرىكىتىنىڭ مىڭلىغان ئىشتىراكچىلىرى ۋە سەركەردىلىرى بىز بىلەن ھەمنەپەس ياشاۋاتقانلىقىغا كۆز يۇمۇپ، ئۇياتسىزلارچە ساختا داۋالارنى كۆتۈرۈپ چىقماقتا. ئەسلىدە «ئۆتۈپ كەتكەن مۇغەمبەر» سەيپىدىنىڭ قان - قېنىغا سىڭىپ كەتكەن ساختىپەزلىك، ئاغمىچىلىق، مۇناپىقلىق تەبىئىتى، چوقۇنۇش، تىز پۈكۈش يولى بىلەن 40 يىلدىن ئاشتىكى «ئابرۇي»، «مەنسەپ» ۋە «ئىقتىسادى ئىمتىياز»لارغا ئىگە بولدى. يېقىندىلا ئۇ خىتاي تەرغىباتچىسى سۈپىتىدە قەشقەرىيەنى ئايلىنىپ ۋايساپ كەلدى. ئۇنىڭ «ۋەتەننىڭ بىر پۈتۈنلىكى» «مىللەتلەرنىڭ دوستلۇقى» ماۋزۇسىدىكى تەشۋىق - تەرغىباتى كەڭ مەھەللىي خەلقنىڭ غەزىپىنى يەنىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. ئۇنىڭ مۇناپىقانە پائالىيىتىگە نەپرەتلەر ياغدۇرۇلدى. ئۇ 1949 - يىلى سىنتەبىردە بىرىنچى قېتىم بېيجىڭغا بارغىنىدا كىبارلىق، ھىلىگەرلىك ھاياتقا جان - تېنى بىلەن شۇڭغۇپ كەتكەن ئىدىكى، ئۇمۇمى تەدبىرلەردە، يىغىنلاردا ئاغزىغا كەلگىنىنى سۆزلەپ (ئۆزىنى ئۇيغۇرىستانىنىڭ بىرىنچى رەھبىرى دەپ ئاتاپ) خىتاي رەھبەرلىكىگە ئەبەدىلئەبەد ئېتىقاد قىلىدىغان قۇلغا ئايلانغان ئىدى. ئۇ جۇ ئېنلەي ۋە

ھالاك بولغانلىقىنى مەتبۇئاتتا تەزىيە بىلدۈرۈش قانۇنى ۋە دىپلوماتىك زۆرۈرىيەت ئىدىغۇ؟

ئېيتىش كېرەككى، ئەگەر بۇ ناھايىتى ئۇستىلىق ۋە پۇختىلىق بىلەن ئويۇشتۇرۇلغان سۇيىقەست بولمىسا، بېيجىڭغا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تېررىتورىيىسى ئارقىلىق ئەمەس، ئۈرۈمچى، شىئەن ئارقىلىق بېرىش ئوڭۇشلۇق ۋە ناھايىتى ماقۇل ئىدىغۇ؟ ئەسلەيمىزكى، 1946 - يىلى 11 -- ئايدا نەنجىڭدا ئېچىلغان گومىنداڭ خەلق قۇرۇلتىيىغا ئەخمەتجان قاسىمى، ئاباسوپلار غۇلجا، ئۈرۈمچى، شىئەن ھاۋا يولى بىلەن بارغان ئىدىغۇ؟

* * * * *

كېيىنكى يىللاردا سەيپىدىن ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلابىنى پۈتۈنلەي بۇرمىلاپ، ساختىلاشتۇرۇپ، مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلابىنىڭ تەشكىلاتچىلىرى ۋە ئاساسلىق رەھبەرلىرىنى ئىنكار قىلىپ بىر قاتار ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدى. بۇ ئەسەرلىرىدە ئۆزىگە يىقىن، غايىۋى بىر نىيەت شەخسلەرنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ، ھەتتا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەشكىلاتچىسى سۈپىتىدە تەرىپلىدى. «تەڭرىتاغ بۈركۈتى» (ئۈرۈمچى 1989 -- يىل) «ئۆمۈر داستانى» (بېيجىڭ 1990 - يىل) قاتارلىق ئەسەرلىرىدە ئابدۇكېرىم ئاباسوپ مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلابىنىڭ تەشكىلاتچىسى ۋە

«1949 - يىلى 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى دادام، ئىسھاقبەگ مۇنونوپ، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، دەلىلقان سۇگۇربايوپ، لوجېژ، غېنى كېرىموپ، ئابدۇرشىت ئىمىنوپ، ئۇسمانجان ناسىرى قاتارلىق 8 نەپەر خادىم غۇلجىدىن ماشىنىغا ئولتۇروپ، سوۋېت تېررىتورىيىسىدە ئايروپىلانغا چۈشۈپ بېيجىڭغا قاراپ يولغا چىقتى. بەختكە قارشى 8 -- ئاينىڭ 27 -- كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىبىرىيە بايقال كۆلى ھاۋا بوشلۇقىدا ھادىسىگە ئۇچراپ قازاغا ئۇچرىدى.» (مەزكۇر ژۇرنال 185 - بەت)

كۆرۈلۈدۈكى، بۇ جۈملىدە تاغقا سوقۇلۇپ ئەمەس، ھاۋا بوشلۇقىدا ھادىسىگە ئۇچرىغان.

جۇ ئېنلەي تەزىيە تېلىگراممىسىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ:

« 1949 - يىلى 9 - ئايدا بېيجىڭگە كېتىۋېتىپ ئايروپىلان ھادىسىگە ئۇچراپ بەختكە قارشى قۇربان بولدى.»

جۇ ئېنلەي 1949 - يىلى 11 - 28 - كۈنى (شۇ ژورنال 186 - بەت)

سەيپىدىن يازىدۇ:

«1949 - يىلى 22 - ئۆكتەبىر كۈنى ماۋزېدوڭ شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىلىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزى كومىتىتىغا تېلىگرام ئەۋەتتى.» (ئۆمۈر داستانى 459 - بەت)

ماۋزېدوڭنىڭ شەخسى قوبۇلىدا بولىدىكەن، ئۇلار ئىتائەتكار، تەييار مالاي سەيپىدىننى ئۆزلىرىگە ئەزىزۇ مۆكەررەم ھېساپلاپ ئۇنىڭدىن ناھايىتى كۆپ پايدا تېگىشكە ئىشەنچى بىلدۈرۈشكەن ئىدى. بۇ ئىشەنچىنى سەيپىدىننىڭ ئەمەلىيىتى «ئاقلىدى».

لېكىن، بەرىبىر ئۇ بارچە ھۆرمەت، ئابرۇي، مەنسەپ، ھوقۇق ۋە سىياسىي ئىقتىسادىي ئىمتىيازلارغا ئىگە بولۇپ ياشاۋاتقان بولسىمۇ، ھەقىقى مەنادا خەلقىنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرىغان ساتقىن، مىللىي مۇناپىق بولۇپ، تارىختا قالدى. بۇ تارىخنى ئۇيغۇرىستاندىكى ئەقلى ئىدرەكلىك، پاراسەتلىك، ۋەقەلەرگە بىۋاستە ئىشتىراك ئەتكەن سەيپىدىننىڭ قان تومۇرلىرى ئۈرۈشىدىن تولۇق خەۋەردار بولغان ساھىپ قەلەملەر يەنىمۇ تولدۇرىدۇ ۋە ئېلان قىلىدۇ.

* * * * *

بىز ئەمدى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ پەرزەنتى ئادىلجان قاسىمىنىڭ «دادام ئەخمەتجان» ماۋزۇلۇق ماقالىسى («چولپان» مەجمۇئەسى 4 - سان 178 - 186 - بەتلەر 1987 - يىلى ئۈرۈمچى) دىكى ئايرىم پاكىتلارغا مۇراجىئەت قىلىمىز.

ئادىلجان يازىدۇ:

جەسەتلىرىنى 6 ئايلاپ ۋەتەنگە قايتۇرۇپ بەرمەسلىك، بۇ قانلىق پاجىئەگە باغلىق مەلۇماتلار، ھۆججەتلىرىنى مۇناپىقلارچە يوق قىلىش سىتالىنىزمنىڭ قاباھەتلىك سىياستى ئىدى. خەلق سۆيگەن رەھبەرلەرنىڭ بېشىغا كەلگەن مەلامەتلەر، قىيناقلار تەپسىلاتى شۇ كۈنگىچە مەخپى تۇتۇلۇشى، مەسىلە قانچىلىك چىگىش ۋە مۇدھىش بولمىسۇن، ئۇنى پۈتۈن روھىيىتى بىلەن ئۆگىنىش، خۇلاسىلاش، ئۇلارنىڭ تەۋەرۇك نامىلىرىنى خەلقىگە، ۋەتىنىگە قايتۇرۇپ بېرىش ئەمدى بىزگە نېسىپ بولدى. بۇ مۇقەددەس ۋە شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئۈستىمىزگە ئالغان ئىكەنمىز، نۆۋەتتىكى سۆھبىتىمىز بىرىنچى قەدەم ھېساپلىنىدۇ.

* * * * *

ئەخمەتجان قاسىم باشلىق رەھبەرلەرنىڭ شەخسى ھالىتى دۇنيا قارىشى ۋە ئېنتىلىشلىرىنى ئۆز دەۋرى مەپكۇرىسىدىن، ماددى زېمىنىدىن ھەمدە ۋەقەلىكنىڭ تۈپ خارەكتېرىدىن ئايرىپ تۇرۇپ باھالىيالمايمىز. توغرىسى ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبەگ، دەلىلقان، غېنى، ئابدۇكېرىم، ئابدۇرشىت ۋە ئوسمانجانلارنىڭ ھەممىسىنى كامالەتكە يەتكەن، كەم كۈتسىز مۇكەممەل شەخسلەر دەپ ھۆكۈم چىقىرالمايمىز. ئۇلار بىر - بىرىسىگە نىسبەتەن بەلەند -- پەست مەلۇماتقا ئىگە، ئايرىملىرى سىياسىي نەزەرىيە

ئوخشىماسلىقلارغا ئېتىبار قىلىڭ. ئادىلجان قاسىمى 27 - ئاۋغۇستتا ھادىسىسىگە ئۇچرىغان دېسە، جۇ ئېنلەي 9 - ئايدا دەپ كۆرسىتىدۇ. ماۋزېدوڭ 22 - ئۆكتەبىر تەزىيە تېلېگراممىا يازسا، جۇ ئېنلەي 28 - نويابىردا (ماۋزېدوڭدىن 1 ئاي 6 كۈن كېيىن) تېلېگراممىا ئەۋەتىدۇ. ئىككى «ئۇلۇغ» رەھبەرنىڭ تەزىيە تېلېگراممىسىدىكى ۋاقىت پەرقى قانداقتۇر بىر سىر، شۈبھە، ئەينى ۋاقىتتا ساختىپەزلىكنىڭ ئوپ - ئوچۇق ئىپادىلىنىشىدۇر.

40 يىلدۇركى، ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق رەھبەرلەرنىڭ تەقدىرى ھەققىدە تۈرلۈك - تۈمەن گەپ سۆزلەر پەيدا بولدى. بۇنىڭدا ماۋزېدوڭ ۋە جۇ ئېنلەينىڭ تەزىيەلىرىدىكى جىددى پەرقلەر، سەيپىدىن توقۇپ چىقارغان ساختىپەزلىكلەر پاش قىلىنىپ، «ئۇلار قەستىدىن ئۇستىلىق بىلەن ئۇيۇشتۇرۇلغان تېررورلۇقنىڭ قۇربانى بولدى.» دېگەندىن ئىبارەت بولدى. ھەقىقەتەن بۇ قاتىللىق چوڭ سىياسىي سۇيىقەست قەتئىي مەخپىيەتلىكتە پىششىق تەييارلىق بىلەن ئۇيۇشتۇرۇلغان جاللاتلىق، ئېنىقراقى ستالىننىڭ خىتاي رەھبەرلىكى بىلەن كېلىشىلگەن ھالدا قىلىنغان قەبىھ تېررورلۇق ئىكەنلىكى ئېغىزلاردىن - ئېغىزلارغا، ئەۋلادلاردىن - ئەۋلادلارغا ئۆتتى.

ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق مىللىي رەھبەرلەرنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېلىپ كەتكەنلىكىنى يوشۇرۇش، قاتىللىقنا «ساماليوت ھادىسىسى» دەپ ساختا پەتىۋا بېرىش، ئۇلارنىڭ

ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى بىجىرىشكە مەجبۇر ئىدى. ھەربىي يۈرۈشلەرنى باشلاشتىن ئاۋۋال ھەممىشەم رەھبىرى رەھنامىسى دوباشىندىن فاتىھە ئالاتتى. ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ كېيىنكى دەۋرىدىكى ئىنقىلابىي ئۆزگىرىشنى ئالقىشلاپ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلاتتى ۋە قاتتىق ھۆرمەتلەيتتى.

دەلىلقان ئوتتۇرا مەلۇماتقا ئىگە، قايتماس ئىرادىلىك ۋەتەنپەرۋەر جەسۇر شەخس ئىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىدا بالىلىقىدىن تارتىپلا گومىنداڭ قاراقچىلىرىغا قارشى كۈرەش ئوتى يالقۇنجاپ تۇراتتى. ئۇيغۇرىستاندىن خىتاي مىللىتىگە مەنسۇپ خەلقنى پۈتۈنلەي قوغلاپ چىقىرىپ، مۇستەقىل ئىسلام جەمھۇرىيىتى قۇرۇش ئىدىيىسى كۈچلۈك ئىدى. گومىنداڭچىلارغا قارشى پارتىزانلىق ھەرىكەتلەردە ئانچە تەجرىبە ئاشۇرغان، ئەلگە مەنزۇر بولغان ئوغلان ئىدى. ئۇ ئۇيغۇرىستان مەسىلىسىگە خىتاينىڭمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭمۇ ئارىلىششىغا قەتئىي نارازى، قارشى ئىدى. ئەخمەتجان قاسىمنى ھۆرمەتلەيتتى ۋە ئۇنىڭ سۆزىگە ئەھمىيەت بېرەتتى.

ئابدۇكېرىم خىتاي ئىلىم گاھىدا ئالىي مەلۇماتلىق سەۋىيىگە ئىگە بولغان، خىتاي قىزىغا ئۆيلەنگەن، خىتاي تۇرمۇشىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈشكە ھەرىكەت قىلىدىغان، ھەرىكەتچان شەخس ئىدى. ئۇنىڭ غايىسىدا خىتاي رەھبەرلىكىنى قوللايدىغان، پۇرسەت تاپسا مەنسەپ، ئابرۇي، بايلىق ئاشۇرۇشقا ئىنتىلەتتى. لېكىن ئۇ ئۆز پائالىيىتىنى

جەھەتتىن تاۋلانمىغان، دۇنيا قارىشى چەكلىك، بەزىلىرى ئۇيغۇرىستان مۇستەقىللىقىغا شۇبھە بىلەن قارايدىغان، خىتايغا چوقۇنۇشنى ئەۋزەل كۆرىدىغان، مەۋقەسىز، ئىرادىسىز، ئەينى ۋاختىدا مەنسەپپەرەس، ئابرۇيپەرەست شەخسلەر ئىدى.

ئەخمەتجان قاسىمى ئالىي مەلۇماتلىق، ئۇيغۇرلار تارىخىنى خېلىلا چوڭقۇر ئۆگەنگەن، ئۇيۇشتۇرۇش، تەشكىللەش قابىلىيىتىگە ئىگە، پىدائىي ئىنقىلابچى ئىدى. ئۇ بۇرۇنلا جۇمھۇر رەئىسى ئېلىخان تۆرىگە مەنزۇر بولۇپ، شەخسى تەرجىمان، كېيىنچە ھەربىي بۆلۈم باشلىقى سۈپىتىدە ئۆزىنى كۆرسەتكەن ئىدى، كېيىنچە خەلق سۆيگەن رەھبەر مۇنبىرىگە كۆتۈرۈلدى. لېكىن ئۇ ستالىنچىلار يىپىغا ئاللىقاچان باغلانغان، كېيىنرەك بۇ يىپنى ئۈزۈشكە قۇربى يەتمىدى. ئۆز ھەلەكچىلىكىدە ئاۋارە بولۇپ قالغان ئىدى. بەرىبىر ۋەتەن ئازاتلىقى ۋە مۇستەقىللىقى ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىدا قايناپ ئۇركەشلەپ تۇراتتى.

ئىسھاقبەگ مەلۇم دائىرىدە ھەربىي تەلىم ۋە جەڭگىۋار تەجرىبىگە ئىگە قىرغىز پەرزەنتى ئىدى. ئۇ ئۇيغۇرلار تارىخىنى ئانچە ياخشى بىلمەيتتى. ئەمما گومىنداڭ ئىستىبدادىنىڭ ۋەھشىلىكلىرىنى، باسقۇنچىلارنىڭ قاباھەتلىك سىياسەتلىرىنى خېلىلا چوڭقۇر چۈشىنەتتى. گومىنداڭغا قارشى جەڭ قىلىدىكەن، سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىگە قۇلاق تۇتاتتى.

ئوسمانچان ـ ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ جىيەنى بولۇپ، رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئىشەنچلىك پاسىبانى ئىدى.

مىڭ نادامەتلەر بولسۇنكى، بىز تەۋسىپ ئەتكەن رەھبەرلەرنىڭ سىياسىي قىياپىتى ۋە ھەرىكەت پائالىيىتى تا ھازىرغىچە خالىسانە باھالانمىدى. خىتاي ھۆكۈمرانلىقى باھالاشقا يول قويمىدى. سەيپىدىن، ياسىن خۇدابەردى، ماھىنۇر خانىم ( ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئايالى) ۋە باشقىلارنىڭ ئېلان قىلغان خاتىرە، ماقالىلىرىدا ئەخمەتجان قاسىمغا بىر تەرەپلىمە، توغرىسى، خىتاي سىياسىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان شەخس سۈپىتىدە بۇرمىلاپ، ساختىلاشتۇرۇلغان باھالار بېرىلدى.

سۆھبىتىمىزنى ئەخمەتجان قاسىمغا بېغىشلىغان ئىكەنمىز، كۆپىنچە ئۇنىڭ پېئىل ئېتىبارىنى، خىسلەت - پەزىلەتلىرىنىمۇ تىلغا ئالىمىز.

مەن ئەخمەتجان قاسىمنى ئەقىل - پاراسەتلىك، ئىنساپ - دىيانەتلىك جەددى بىر ئىنسان سۈپىتىدە قاتتىق ھۆرمەتلەيمەن. ئۇ ھاياتقا، ئادەملەرگە، جەمئىيەتكە بولغان مۇناسىۋىتىدە ۋەزمىن، ئېغىر بېسىق، مۇلاھىزىلىك، خۇش تەبىئەت، ھالال، سەمىمى پەزىلەتلىرى بىلەن باشقىلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. تامامى ئەزالىرى ئۆزىگە ماس چۈشكەن ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ۋەتەن، خەلق ئالدىدا قىلغان ئىشلىرى ۋە ئىبرەتلىك ئۆمرى ئەۋلادلىرىغا ھەر زامان نەمۇنە

ناھايىتى يوشۇرۇپ، كۆپ نىيەتلىرىنى دوستلىرىدىن پىنھان تۇتاتتى. مەھەللىۋازلىق، قېرىنداش ئۇرۇغلۇق مەپكۇرىسىدە ئانچە - مۇنچە ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئۇلگۇرگەن ئىدى. ئومۇمەن مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلابىنىڭ ئىستىقبالىغا شۇبھە بىلەن قارايتتى. بەرىبىر خىتاي رەھبەرلىكىدە ئىش كۆرۈش ئاساسىي مۇددىئاسى ئىدى.

غېنى، ئابدۇرشىت ۋە ئوسمانجانلار دەۋرىنىڭ يالقۇنلۇق زىيالىلىرى، ۋەتەنپەرۋەرلىرى، مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلابىمىزنىڭ جەسۇر جەڭچىلىرى ئىدى. غېنى غۇلجىدىكى روس گىمنازىيىسىدە رۇس تىلىنى خېلىلا مۇكەممەل ئۆگەنگەن بولۇپ، ئاقكۆڭۈل، راستچىل، ئىرادىلىك ياش ئىدى. ئۇيغۇرىستاننىڭ مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت بولىشى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش غايىسى ھەممىدىن ئۈستۈن ئىدى. ئەخمەتجاننىڭ تەربىيىسىنى كۆرگەن غېنى، ئەينى ۋاقىتتا ئەڭ ئىشەنچلىك ياردەمچىسىمۇ ئىدى.

ئابدۇرشىت قەلەم ساھىبى ئىدى، ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دەردىنى، مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلابىمىزنى تەرەننۇم ئەتكەن قاتار - قاتار شېئىرلىرى بىلەن شائىر سۈپىتىدە تونۇلغان ئىدى. ئىجتىمائىي تەڭسىزلىكنى مەھۋى قىلىش (يوق قىلىش)، كۈرەشكە دەۋەت، ئابدۇرشىت شېئىرىيتىنىڭ غايىۋى، بەدىئى يۆنىلىشىنى بەلگىلىدى.

ئىززەت ئىھتىرام كۆرسىتىپ سەيىيىدۇ - شەرىپىلەرنى ئۆزىگە يېقىن تۇتاتتى. قۇرئان كەرىمدىن خېلىلا پىششىق خەۋەردار ئىدى. كۆپ جايلاردا ئۆزى تىلاۋەت قىلاتتى. جۈمە نامازلىرىغا ئۆزى ئاددى پۇقرا سۈپىتىدە قاتنىشاتتى. ئۇنىڭدا مال دۇنيا يىغىش، راھەت - پاراغەتتە شاھانە ياشاش تۇيغۇلىرى مۇتلەقا يوق ئىدى. ئۇنىڭ شەخسىي بايلىقى پەقەت ئۆزىلا ئىدى. ماھنۇر خانىم بىلەن تۇرمۇش قۇرغاندا بىر يوتقان - كۆرپە، بىر قۇر كىيىم - كېچەك تويلۇق بولغىنىنى ھەممە كىشى بىلەتتى. ماھنۇر خانىم ناھايىتى كەمبەغەل ئائىلىنىڭ پەرزەنتى بولغاچقا بارغا شۈكۈر قىلغان ئىدى. بىر پارچە گىلەم، بىر پارچە كېگىز 3 - 4 يىشىك كىتاپ، كىچىك ئائىلىگە يېتەرلىك ئىدىش - تاۋاق ياش ئائىلىنىڭ ئومۇمى مۈلكى ئىدى. ئەخمەتجان قاسىمى ئۆزىنى مېھنەتكەش خەلق خىزمەتكارى ھېساپلاپ، خەلق بىلەن ئىچ قويۇن، تاش قويۇن بولۇپ ياشاۋەرەتتى. ئۇنىڭ ھەققىدە ھېكايەتلەر، رىۋايەتلەر، لەتىپىلەر ناھايىتى كۆپ ئىدى.

مىللىي، مەدەني، تارىخي، پەلسەپەۋى ۋە دىنىي ئەنئەنىلەرگە سادىق بولۇش، دېھقان، ھۈنەرۋەن، چارۋىدار ۋە كاسىپلارنىڭ تەلەپ، ئارزۇلىرىنى ئىپادىلەيدىغان دەستۇرلەر ئىشلەپ چىقىش، ئۇلارنىڭ مەنىۋى ھاياتى مەملىكەت تەرەققىياتى بىلەن مۇستەھكەم باغلىق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشتە ئۇ ھەمىشەم يېتەكچى ۋە بايراقدار ئىدى.

بولۇپ قالدۇ. ھازىرقى ئەۋلادلار (1950 - يىلدىن كېيىن تۇغۇلغانلار) ئەخمەتجان قاسىمنىڭ سىماسى، قىلغان خىزمەتلىرى، خۇلقى، ئەدەپ - ئەخلاقى ۋە يۈرۈش - تۇرۇشى، ئومۇمەن مەنىۋى دۇنياسى ھەققىدە ناھايىتى ئاز بىلىدۇ، بىلگەندىمۇ كىتابى مەلۇماتقا ئىگىدۇر.

ئەخمەتجان قاسىمى ئوتتۇرا بوي، جىسىملىرى چىرايلىق، مەلامەتلىك، چېھرىسى بۇغداي رەڭ، كۆز - قاشلىرى ( ئوڭ كۆزى سەل پەل قىيسىق) تۇم قارا، قىسقا بۇرۇتلۇق، تەبىئەتەن سېخى ئىنسان ئىدى. راست سۆزلەيدىغان، كىمدە كىم سۆھبىتىگە مۇشەررەپ بولسا، دىدارىغا، سۆھبىتىگە، مۇنتەزىر بولۇپ قالىدىغان مەپتۇنكار زات ئىدى. ئۇنىڭ ھەمىشەم دېگۈدەك كۈلۈپ تۇرىدىغان، شېئىر، غەزەل ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدىغان، چاقچاق، ھەزىلنى ياقتۇرىدىغان، ئۆمرىدە بىرەر كىشىدىن شەخسىي ئۆچ ئالمايدىغان زوكنالىقى ھەممىنى سەپكە تارتىپ، ئەگەشتۈرۈپ ئالاتتى. ئۆتكەن ئىشلارغا بىئارام بولمايدىغان، ئۆتتۇقلارغا شادلىنىپ كەتمەيدىغان تەبىئىتى ئۇنىڭ رەھبەرلىك سالاھىيىتىنى نامايان قىلاتتى.

ئەخمەتجان قاسىمى نىشانغا بىخاتا بېرىپ تېگىدىغان سۆز ئۇستىسى، خائىن، ساتقىن ئاغمىچىلارنى كۆرىدىغان كۆزى يوق، ھەقىقەت ۋە ئادالەت يولىدا مەرتلىك كۆرسەتكەنلەرنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قەدىرلەيدىغان، بەغايەت پاساھەتلىك، ھەقگوي رەھبەر ئىدى. ئۇ كادىرلارنى ئۆتكۈر زېھىن بىلەن تاللايتتى. پازىللار، ئۆلىمالارغا غايەت

ئەخمەتجان قاسىمى ئۇيغۇرىستان خەلقلىرىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، پەلسەپەۋىي پىكىر تارىخىدا ئۆزىگە خاس دەۋر ياراتقان، ئىستىبدات تۈزۈمىنىڭ زۇلۇملىرىغا زەربە بېرىپ خەلق سۆيگەن رەھبەر سۈپىتىدە شۆھرەت قازانغان ئىدى.

ئۇيغۇرىستان، بولۇپمۇ ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە مەدەنىي يۈكسىلىشىگە، ھەربىي مەسىلىلەرنىڭ قارار تېپىشىغا پۈتۈن كۈچ، ئىستېدادىنى سەرىپ قىلغان ئەخمەتجان قاسىمى ئازاتلىق، مۇستەقىللىق، پاراۋانلىق تۇرمۇشنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بەرگىنى ئۈچۈن خەلقنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ياشاپ كەلدى.

تارىخنى خەلق يارىتىدۇ، دېيىشىدۇ. بۇ توغرا. ئەمما ئايرىم شەخسلەر خەلق تارىخىنىڭ رەمزى بولۇپ قېلىشىمۇ ھەقىقەتتۇر. ئەخمەتجان قاسىمى ئەنە شۇنداق رەمزى چوشەنچىگە ئىگەدۇر. ئەخمەتجان قاسىمنىڭ نامى ئۇيغۇرلار ئېلىدە بىر پۈتۈن شانلىق مەرتىلىك كۈرەش سەھىپىسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

تالانتلىق شائىر رەھىم قاسىم ئەخمەتجان قاسىمغا بېغىشلىغان «يۇلتۇزلۇق كېچە» ناملىق داستانىدا شۇنداق تەرەننۇم ئېيتىدۇ:

ئويلىساق نەقەدەر ئۇلۇغ ئىنسان بۇ،
خەلقىگە مۇھەببىتى دېڭىزدەك چوڭقۇر.
نەزەر دائىرىسى ئاسماندىنمۇ كەڭ،
پاراسەت تەدبىرى ئالماستىن ئۆتكۈر.

ئەخمەتجان قاسىمى 1948 - يىلى 1 - ئاۋغۇستتا «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» نى قۇرۇپ، ئۇنىڭ دەستۇرىدە ئىنسانپەرۋەرلىك، مىللەتلەر ئارا دوستلۇق ئىزگۇ تۇيغۇلىرى مۇھۇرلەنگەن ئىدى. ئەنئەنىۋى قەدرىيەتلەرنى ئۇلۇغلاش، ئۆز ئارا ھۆرمەت، دوستلارنى قەدىرلەش، مەرھۇملارنى خاتىرلەشتەك غايىلار بىلەن باغلىق بولغان ئۇلۇغ مۇقەددەس ۋەزىپىلەر ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئاساسىي مەقسىدى بولغان ئىدى.

«ئىتتىپاق» بىرىنچى كۈنىدىن باشلاپ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، تىلى، يېزىقى، مەدەنىيىتى، ئەدەبىيات - سەنئىتى، فولكلورى، مائارىپى، - ئۇمۇمەن شانۇ - شۆھرىتىنى تەرىپ ۋە تەۋسىپلەيدىغان، كەڭ پىلاندا يورىتىدىغان ماقالىلارنى نەشر قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئىستېداد ساھىبلىرىنىڭ ئىجادىي نىيەتلىرىنى قوللاش خەلق ئىجادىنى توپلاش، كلاسسىك ئەدەبىياتنى ئېلان قىلىش يولىدا ئىشەنچلىك قەدەم تاشلاپ چوڭ پائالىيەت كۆرسەتتى. خەلقنى ياۋۇزلۇقىا، بۇزغۇنچىلىققا قارشى كۈرەشكە، ئۇيغۇرىستاننى جېدەل - ماجىرالاردىن، ئۇرۇش - تالاشلاردىن پۈتۈنلەي خالىي ئەركىن باشقۇرۇشقا دەۋەت قىلدى. ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەتنى، سىياسىي ئىختىلاپلارنى جىددى كۆزىتىپ دېموكراتىك ئىسلاھاتلارغا، ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەنىۋى ساھەلەردىكى ئۆزگىرىشلەرگە بىۋاستە رەھبەرلىك قىلدى.

ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق مىللىي رەھبەرلىرىمىز قەتلى قىلىنغاندىن كېيىن، تەختكە ئۆز ـ ئۆزىدىن سىلىققىنا، ھېچبىر قارار ئېلان قىلىنماي، خىتاي رەھبەرلىكىنىڭ رەھنەمالىكىدە سەيپىدىن ئولتۇردى. قورچاق ھۆكۈمەت رەئىسى بۇرھان شەھىدى ئېتىرازسىز ئورۇننى بوشۇتۇپ بەردى. سەيپىدىن ئۇيغۇرىستانغا ماۋزېدوڭ ئارمىيەسىنىڭ توسالغۇسىز كىرىشى ئۈچۈن ئىشىكنى كەڭ ئېچىپ بەردى. ئۇستا ھېيلىگەر، قۇۋ تۈلكە ۋاڭجېنغا ھەممە ھوقۇقنى (باش سېكرېتارلىقنى) پەتنۇسلاپ بەرگەن سەيپىدىن ئۆلكىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى مۇستەھكەم ئىگەللىدى. گېنېرال ۋاڭجېن مۇنتىزىم مىللىي ئارمىيىمىزگە قارىتا كورپۇس تۈزۈمىنى قوللىنىپ، كومىسسارلىق سىستېما دېگەن نىقابلار بىلەن پارچىلاپ تاشلىدى ۋە تارقىتىۋەتتى. مىللىي ئارمىيە سەركەردىلىرى، ئوفىتسېرلىرىغا قارىتا كەسىپ ئالماشتۇرۇش باھانىسىنى قوللىنىپ مەمۇرىي خىزمەتلەرگە تەقسىم قىلدى. ماۋزېدوڭ ئارمىيەسىنىڭ «غەربىي ئۆلكىنى گۈللەندۈرىمىز» شوئارى ئەمەلىيەتتە ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي باسقۇنچىلىق بولدى. ئۇيغۇرىستاننى شەپقەتسىز تالاش، مېھنەتكەش خەلقنى ھوقۇقسىزلاندۇرۇپ مەنىۋى ئېزىش، ئەينى ۋاقىتتا يەر ئاستى ۋە يەر ئۈستى بايلىقلىرىمىزنى خىتايغا توشۇش ۋە ئاساسلىق يەر ئاستى بايلىقلىرىمىزدىن نېفىت، تاشكۆمۈر، ئالتۇن، مىس، قوغۇشۇن، ۋولفروم ۋە باشقا مەدەنلەرنى كۆپلەپ قېزىۋېلىشنى توپ نىشان قىلدى.

جۇرئىتى بورانغا كۆكرەك كىرگەن تاغ،
غەيرىتى بۆلۈتنى يارغان ئوت ـ چاقماق.
سۇرئىتى ئاۋازدىن ئىتتىك ئۇچقان نۇر.
قۇدرىتى تۈنلەرنى يورۇتقان چىراق،
سۆزلىرى باسىدۇ تارازىنى چىڭ،
ھەركىمنى ئۆزىگە قىلىدۇ قايىل.
سىياقى ماگنىتتەك تارتار كىشىنى،
بىر كۆرگەن ئۇنىڭغا بولىدۇ مايىل.
ئاۋازى باھارنىڭ ئىللىق شامىلى،
بېقىشى يېقىملىق نۇر چاچقان قۇياش.
كىم بولسا ھەمسۆھبەت بىر دەقىقىلا،
تاپقاندەك بولىدۇ ئۆمۈرلۈك سىرداش.

شائىر پەلسەپەۋى كونسېپسىيەسىدە شەخسنىڭ ئەركىنلىكى، جاسارىتى، دادىل كۈرىشى، خەلقنىڭ بەخت ـ سائادىتى يولىدىكى ئەقىل ـ ئىدرىكى ۋە ئۇلۇغ تەدبىركارلىقىنى باش پىلانغا قويىدۇ.

داستاننىڭ مەركىزى ئىنكاس ئوبيېكتى بولغان ئىنسان ـ ئەخمەتجان قاسىمىدۇر. داستاندىكى ئىتىك ـ ئېستېتىك ئىدىئال ـ ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ شەخسى ھالىتى، ھاياتى ۋە ئىجادى كۈرەش يولىنىڭ ئومۇمى ھالىتىنى يۈكسەك ماھارەت بىلەن تەسۋىرلەپ، ئۇنى خەلقنىڭ ئوت يۈرەك پەرزەنتىگە بولغان چوڭقۇر مېھرى ـ مۇھەببىتى بىلەن يورۇتۇپ، ياڭراق ناخشا بىلەن مەدھىيە ئوقۇيدۇ.

مىللەتچى»، «ئىمپېرىيالىزم قۇيرۇقى»، « بۇرژۇئا ئۇنسۇر»، « بۆلگۈنچى» دېگەن قالپاقلار بىلەن ئىنساني ۋە ۋىژداني ئەركىنلىكىنى بوغۇپ تاشلىدى، تەھقىرلىدى. سوت - سوراقسىز جىسماني ئازابلار بىلەن قىينىدى. يېزىلارغا چۈشۈرۈپ، قاتتىق مېھنەت قىلىشقا مەجبۇرلىدى، كۆپلىرىنى نابۇت قىلدى.

ۋەقەنىڭ پاجىئەلىك راۋاجى خىتاينىڭ تىلى ۋە يېزىقىنى ھاكىمىيەت تىلى ۋە يېزىقىغا ئايلاندۇردى. مەھەللىدىن تا ئۆلكە رەھبەرلىكىگىچە بولغان مەمۇرىي، ھەربىي باشقۇرۇشلار پۈتۈنلەي خىتايلاشتۇرۇلدى. گومىنداڭچىلار ھەتتا زوزوڭتاڭچىلار ئۇيغۇرىستاننى بېسىۋېلىپ بايلىقلىرىمىزنى بۇلاپ تالىغان، ئوغۇرلىغان بولسا، گوڭسەنداڭچىلار (ماۋزېدوڭچىلار) ئاڭنى زەھەرلەپ، ۋىژداننى، ئېتىقادنى تەئقىبلەپ، خەلقنى تارىختىن ئۈزۈلگەن ھالغا كەلتۈردى ۋە ھۆكۈمرانلىق تەرتىۋىنى بىمالال جارى قىلدۇردى. مەھەللىي خەلقنىڭ باش كىيىمىنى خىتايچە شەپكىگە ئالماشتۇردى. كاستىيوم كەيگەنلەرنى « بۇرژۇئا » دەپ ھاقارەتلەپ 4 يانچۇقلۇق قارا چاپان كىيىشكە مەجبۇرلىدى. «ۋاھ دەرىخا!»، «ئاھ ئۆرارمەن» قاتارلىق كلاسسىك ناخشىلارنى ئېيتقانلارنى «بۇزغۇنچى»، «بۆلگۈنچى»، «تەتۈر تەشۋىقاتچى»، «جاھالەتپەرەست»، « پارتىيىگە قارشى ئۇنسۇر»، «پانتۈركىست» دەپ جازالىدى.

دەسلەپ «يەر ئىسلاھاتى» نى ئېلىپ بېرىپ «پومىشچىك»، «باي دېھقان»، «زالىم يەر ئىگىسى» دېگەن تۆھمەتلەر بىلەن ئاتىنى بالىغا، بالىنى ئاتىغا قارشى كۈرەشكە سېلىپ، دېھقانلارنى، ھۈنەرۋەن كاسىپلارنى، ھەتتا زىيالىلارنى قىرغىن قىلدى. بىرلا ۋاقىتتا «پانتۈركىست»، «پانئىسلامىست»، «ئىنقىلابقا قارشى ئۈنسۇر»، «بۇرژۇئا ئۈنسۇر» لارغا قارشى «كۈرەش» ئۇيۇشتۇرۇپ، بىگۇناھ خەلقنى ئاشكارا خورلىدى. سانسىز كىشىلەرنى ئېتىپ تاشلىدى. «ئۈچكە قارشى ھەرىكەت»، «بەشكە قارشى ھەرىكەت» دېگەن تەكشۈرۈشلەرنى جارى قىلىشىپ خەلق مال - مۈلكىنى خالىغانچە بۇلاپ تالىدى. زىيالىلار تەھقىرلەندى، خورلاندى، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلدى. بۇ ئەسەبىي كۈرەشلەر بىلەن مېھنەتكەش خەلقنى ئېتىقاتتىن، دىندىن يىراقلاشتۇرۇپ، ئىمانسىز ياشاشقا دەۋەت قىلدى. مىللىي ئۆرپ - ئادەتلەر پۈتۈنلەي دەپسەندە قىلىندى. «خۇفىيغا قارشى تۇرۇش» دېگەن بەتنام شوئار ئاستىدا، خۇفىيە يەتتە ئۇخلاپ چۈشىگىمۇ كىرمەيدىغان مىخلىغان زىيالىلارنى مەنىۋى ئازابلىدى.

«ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلسۇن» دېگەن ھىيلە - نەيرەڭلىك يول بىلەن «سايراپ ئېچىلىش» قەبىھ ھەرىكەتنى باشلىدى. زىيالىلارنى بىر - بىرىگە قارشى قويۇپ، كۆچكۈرتۈپ، (مۇناپىقلارنى تەربىيلەش يولى ئارقىلىق ) كۆپلىگەن مەسئۇل خادىملارنى، ئەدەبىيات - سەنئەت ئەربابلىرىنى، ئومۇمى كادىرلارنى «ئوڭچى»، «يەرلىك

خىتايغا توشۇلۇۋەردى. ئازدۇر - كۆپتۇر ماددىي مەنپەئەت كۆرگەن، مەنسەپكە ئېرىشكەن مىللىي رەھبەرلەر (خىتايلارنىڭ ئورۇن باسارلىرى) بۇلاڭ - تالاڭنى كۆرمەسكە سالدى. ۋاڭ ئېنماۋ مىلياردىر بولدى، ئۇنىڭ ئوغلى مىليونىر بولدى.

باسقۇچمۇ باسقۇچ ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان سىياسىي كومپانىيەلەر مىللىي زىيالىلارنى پۈتۈنلەي چەتكە قاقتى، ھوقۇقسىزلاندۇردى. مىڭلىغان زىيالىلار، دېھقانلار، كاسىپلار، چارۋىچىلار ۋەتەننى تەرك ئېتىشكە مەجبۇر بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن، ئافغانىستاندىن، تۈركىيەدىن ھەتتا ئاۋۇستىرالىيەدىن سىياسىي پاناھلىق ئىلىشتى.

زەنجىربەند ئۆلكىگە ئايلاندۇرۇلغان ئۇيغۇرىستان يۇرتىدىن ماڭقىسى ئېقىپ تۇرىدىغان ناكەسلەرنىڭ دەردىنى بولۇشچە تارتتى. مىللىي مەدەنىيەت يېمىرىلدى، نادىر قول يازمىلار، دەستە خەتلەر، سەنئەت نەمۇنىلىرى كۆيدۈرۈلۈپ يوق قىلىندى.

يېزىلار، ناھىيەلەر خارابىغا ئايلاندۇرۇلدى، خىتايلاشتۇرۇلدى. خەلقنىڭ دىلى قاتتىق داغلاندى. ئەمما، بۈگۈنكى ئۇيغۇرىستان خەلقلىرى قايسى تەرەپكە يول ئاچسا شۇ تەرەپكە ئاقىدىغان ساكىن قارا سۇ ئەمەس ئىدى. قولىغا يەلپۈگۈچ تۇتۇپ « ھە، ھە» دەپ تۇرغان سەيپىدىنگە قارشى نارازىلىق ئاشكارا مەيدانغا چىقتى. ۋاڭ ئېنماۋ شۆلگىنىنى ئېقىتىپ ھوزۇرلىنىدىغان پۇرسەتتىن چەتلەشتۈرۈلدى. جەۋرى - جاپالار، ھەقسىز - ھوقۇقسىزلىقلارنىڭ دەھشىتىنى باشتىن

قانلىق جىنايەت بىلەن تولغان شۇم «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دەۋرىدە (1966 - 1976 ) ھارامزادىلەرنى ئىشقا سېلىپ ۋەھشىيانە قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈپ ئەسەبىي ھالدا تارىخ ۋە مەدەنىيەت بۇزغۇنچىلىقى بىلەن نۇرغۇن ۋەيرانچىلىقلارنى پەيدا قىلدى.

ئاياللارنىڭ چېچى، ئەركەكلەرنىڭ ساقىلى كېسىپ تاشلاندى. زىيالىلارنى، كاسىپلارنى، دېھقانلارنى تىرىك پېتى يەرگە كۆمۈپ قىيىندى. مىڭلىغان زىيالىلارنى تۈرمىگە تاشلاپ، تارىختا كۆرۈلمىگەن جازالار بىلەن ئازابلىدى. ھەتتا تېرىسىنى شىلدى ۋە توپ - توپى بىلەن ئېتىپ تاشلىدى. مانا شۇ ھالدا ماۋزېدوڭچىلار نېمە قىلغۇسى كەلسە شۇنى قىلدى. قانۇن - قائىدە دېگەنلەرنى قىلچىمۇ ئويلاپ قويمىدى. مىللىي مۇناپىقلارنى ئىشقا سېلىپ ئومۇمىي قىرغىنچىلىقنى بولىشىچە ئېلىپ باردى. مىللىي مۇناپىقلار ماۋزېدوڭنىڭ غايىسىنى چۈشىنىپ - چۈشەنمەي، ئىختىيار - بىئىختىيار ساداقەتلىك بىلدۈرسە، ئۇ ساۋاتلىق بولسۇن بولمىسۇن مەنسەپ، ئابرۇي قازاندى، مۇكاپاتلاندى.

رەئىسلىك، گېنېراللىق، ۋالىيلىق، ھاكىملىق قاتارلىق مەنسەپلەرگە ئۆستۈرۈلدى. خىتايلار يەككە ھاكىملىقنى (ئېيتايلۇق، ۋاڭ ئېنماۋغا چوقۇنۇپ ئىش كۆرۈشنى) جارى قىلدى. نەتىجىدە ماددىي - مەنىۋى، تارىخىي تەبىئىي بايلىقلار ئاشكارا بۇلاڭ - تالاڭ قىلىندى. ئالتۇن، كۈمۈش، نېفىت، ئاشلىق ۋە سانائەت خام ئەشيالىرى ئوچۇقتىن - ئوچۇق

كۆرەشنىڭ يارقىن تىمسالى سۈپىتىدە تارىخىمىزدا ئەبدىلئەبەت ياشاپ قالىدۇ. ئۇلار چاچقان ئۇرۇق مول ھوسۇل بېرىدۇ.

شۇنداق!

ھەرخىل پەرەزلەر، تەخمىنلەر ۋە شۈبھىلەر ئىنتىھايىغا يەتتى. ئۇيغۇرىستاننى ھېمىشەم ئويلاندۇرۇپ، تەشۋىشكە، تەھلىكىگە سېلىپ، ۋەتەننىڭ ھەرقايسى يېزا، قىشلاقلىرىغىچە تارقىلىپ، ئېغىزدىن - ئېغىزغا ئۆتۈپ، تۇيغۇلارنى دولقۇنلاندۇرۇپ كېلىۋاتقان ئاجايىپ - غارايىپ تارىخي قانخورلۇقنىڭ سىر - ئەسرارى تولۇقى بىلەن پاش بولماي قالمايدۇ. كۆتۈلمىگەن خەتەردىن ئاگاھ بولۇش يۈزىسىدىن ئۇ قانخورلۇقنى ئۆز ۋاقتىدا ئىنقلاش، پاش قىلىش، ئەسلا مۇمكىن ئەمەستى. مەن تارىخچى ياكى تەتقىقاتچى سۈپىتىدە ئەمەس، ئاددىي بىر زىيالى قەلەمكەش ئورنىدا سەيپىدىننىڭ ساختىپەزلىكلىرىنى پاش قىلىش مەقسىتىدە قەلەم تەۋرەتتىم ۋە خەلقىمىز ئۆز تارىخىنى بىلسۇن، مىللىي رەھبەرلەرنىڭ تەقدىرىدىن خەۋەر تاپسۇن، سىياسىي سالاھىيىتىنى چۈشەنسۇن، دېگەن نىيەتتە پىكىر يۈرگۈزدۈم. بىز مىللىي ئازاتلىق ئىنقلابىنىڭ رەھبەرلىرىنى خاتىرلەيدىكەنمىز، بۇ خاتىرە ۋەتەن ئۈچۈن ئۇ پىدائىي ۋە جاسارەتلىك ئەۋلادلارنىڭ ئارزۇ تىلەكلىرىنى، چۈشەنچە، مۇددىئالىرىنى كېڭەيتىشتە قەدىر ئەھۋال پايدىسى تەگسە، ئەينى مۇددىئايىمىز دەپ بىلىمىز.

كەچۈرگەن خەلقىنىڭ قۇدرەتلىك دولقۇنى ئۆركەشلەپ، ۋەتەن

يۇقراسى سۈپىتىدە ئەخلەت ـ چاۋالارنى قىرغاقتىن ھالقىتىپ

تاشلايدىغان كۈچ بولۇپ ئۇيۇشۇپ، لەنىتى باسقۇنچىلارنى

تەھلىكىگە سېلىپ قويىدى. -- ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ بارىن

يېزىسىدا يۈز بەرگەن خەلق قوزغىلىڭى قانلىق باستۇرۇلغان

بولسىمۇ، ئىجتىمائىي ئاڭنى ئويغىتىۋەتتى. جاڭ زېمىن، لى

فېڭ، ۋاڭ ئېنماۋ، سوڭ خەنلىياڭلار قانچە ۋايىسغان بولسىمۇ،

ئۇيغۇرلار قاتارلىق ئۈچ كىتابنىڭ تارىخى ماتېرىياللىرىدىن

100 تۈرلۈك خاتالىقنى تاپقان چىن خۇا، ئۇيغۇر سايرانى،

شۈي بوفۇ، چىيەن بوچۈئەنلەر تارىخنى ساختىلاشتۇرۇشقا

پۈتۈن ئىقتىدارىنى ئىشقا سالغان بولسىمۇ، ھەقىقەت بەرىبىر

ھەقىقەتلىكىچە قالدى، خەلق ئۇيقۇسىدىن ئويغاندى.

بىز بۇ سۆھبىتىمىزدە پارلاق بەشەرىيەت مەدەنىيىتىنىڭ

بۆشۈكى ھېساپلانغان ئۇيغۇرىستان تارىخىدىكى بىر

قانخورلۇق توغرىسىدىكى شۆبھەلىرىمىزنى قىسقىچە بايان

قىلىپ بەردۇق. قولىمىزدا بۇ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرىدىغان

ئەينى ھۆججەتلەر (سوراق دېلولىرى) بولمىغانلىقى ئۈچۈن

كەسكىن ھۆكۈمنى بايان قىلالمىدۇق. ئەمما ئىشەنچىمىز

كامىلكى، شۆبھەمىزنىڭ ھەقىقىتى ئاشكارا بولىدىغان زامان

ھامان كېلىدۇ! ئىنشا ئاللاھ ... بۇ ماۋزۇغا يەنە قايتىمىز.

ئېيتماقچىمىزكى، قاتىللىق قۇربانلىرى ئەخمەتجان

قاسىمى، ئىسھاقبەگ، دەلىلقان، غېنى، ئابدۇرېشىت ۋە

ئوسمانجانلار ئۇيغۇرىستاننىڭ مۇستەقىللىق يولىدىكى

لاإله الاالله محمد رسول الله

# ئىلخان تۆرەمىنىڭ بىر نۇتقى

رەببىمىز ئاللاھ، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، دىنىمىز ئىسلام، ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان، ئۇيغۇرلار، ئۇيغۇرلارنىش دەۋرى كەلدى.

ھەر بىر ئادەم بالىسى ئەسلى يارىتىلىشىدا ، مەدەنىيەت، مائارىپ، ھۆنەر - سانائەتنى ئىگىلەش قابىلىيىتى بىلەن يارىتىلغان. كۆن چىقىشتا تۇغۇلغان بىر بالىنىڭ ۋۇجۇدىدا، كۈن پېتىشتىكى ئىنسانلارنىڭ قابىلىيىتىنىڭ بارلىقىدا شەك يوق. پەقەت بۇ قابىلىيەتنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن ئىلىم ئوقۇش، تەربىيە كۆرۈش لازىمدۇر. ئىلىمسىز، تەربىيىسىز بولغانلار ئۆز ۋۇجۇدىدىكى قىممەتلىك مەدەنلەردىن

مىللىي رەھبەرلىرىمىزنىڭ روھلىرى سىز ئوقۇغۇچىمغا ھەمىشەم يار بولغاي!

ئاسىم باقى ئوغلى

(فىلىلوگىيە پەنلىرىنىڭ نامزاتى)
ئۆزبەكىستان، تاشكەنت شەھىرى
چىلانزار ناھىيىسى 16- كىۋارتال، 28 - ئۆي، 19 - خانىدان
1991 - يىلى 11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى

زىيالىيلىرىمىز، نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك زاتلىرىمىز، ئۇيياتسىز، ۋىجدانسىز زالىم خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قوشخانىلىرىدا، ۋەھشىي خىتايلارنىڭ كۆڭۈللىرىدەك قاراڭغۇ، سىسىق، زەي زىندان - تۈرمىلىرىدا كۆز كۆرمىگەن، قولاق ئاڭلاپ باقمىغان تۈرلۈك تۈمەن قىيناشلار ئاستىدا ئازاپلىنىپ ناھەق ئۆلتۈرۈلمەكتە. مانا بۇ ھەقىقەت ھەممە كىشىنىڭ يۈرىكىدە دەرت بولۇپ، كۆزلىرىدە كۆرۈنۈپ تۇرسا، زالىم خىتايلار بۇنى قانداقمۇ يوشۇرالايدۇ؟ بۇ بىچارىلەرنىڭ پۈتۈن مال - مۈلكى، قورو جايلىرى، يەر - زېمىنلىرى مۇسادىرە قىلىندى. خوتۇن - بالىلىرى ئۆي - ماكانسىز ، ئاچ - يالىڭاچ قېلىپ كوچىلاردا سەرسان بولدى. خىتاي ۋەھشىيلىرى بۇنىڭمۇ قانائەت قىلماي گۇناھسىز خوتۇن، قىز - ئوغۇللارنى ئۆي - ماكانلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىپ، يىراق يەرلەرگە پالاپ، قاماققا ئېلىپ سەرگەردان قىلدى. بۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ قانخور، زالىملارنىڭ ئومۇمىي خەلق ئۈستىدە يۈرگۈزگەن جەۋرى - جاپالىرى ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى.

ئەھۋال مانا شۇ ھالغا يېتىپ، پۈتۈن خەلق جىنىدىن جاق تويۇپ تۇرغان بىر مەزگىلدە، «زالىمنىڭ زاۋالىنى بېرىمەن» دېگەن ئاللاھنىڭ بوزۇلماس ۋەدىسىگە ئىشىنىپ، بىز غۇلجا ئەھلى پۈتۈن ۋەتەنداشلىرىمىز بىلەن ئىتتىپاق تۇرۇپ ، تاياق - توقماق ، ئارا - گۈرجەكلەرنى كۆتۈرۈپ، زالىملارغا قارشى قوزغالدۇق.

پايدىلىنالمايلا قالماستىن، بەلكى هايۋانلار قاتارىدا ياشاشقا مەهكۇمدۇر. بۇ هەقىقەتنى هېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ.

مەسىلەن، شەرقىي تۈركىستاندا ياشىغۇچى نەچچە مىليون ۋەتەن باللىرى بۇگۈنگىچىلىك ۋۇجۇدلىرىدىكى قىممەتلىك گۆھەرلەردىن پايدىلىنىشقا ئىمكانىيەت تاپالماي كەلدى. مەدەنىي ماتارىپتىن مەھرۇم قېلىپ، نەچچە يۈز يىللاردىن بىرى هايۋان قاتارىدا قۇللۇقتا، ئاسارەتتە ياشىدى. ئىلىمسىز، مەدەنىيەتسىز زالىم قاراختايلارنىڭ قارا سىياسىتى ئاستىدا ئىزىلگەن مۇسۇلمانلارنىڭ پۈتۈنلەي دىگۈدەك قابىلىيەتلىرى يوقىلىشقا يۈز تۇتتى. ئىسلامىيەتنىڭ گۈزەل ئەخلاقى بۇزۇلدى. دىنىي، مىللىي ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇ، هېسسىياتلىرى ئاجىزلاپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن مەككار، تاماخور خىتاي هۆكۈمىتى پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ دىنىمىزنىڭ، مىللىتىمىزنىڭ قەستىگە چۈشتى، بۇ ھەقتە پىلان تۈزۈپ ئۈچ تەرەپتىن هۇجۇم باشلىدى.

دىنى قېرىنداشلار، ۋەتەنداشلار!

تېخى ئىسىمىزدىن چىقمىغان بولۇشى مۇمكىن، بۇ زالىم خىتايلار بىز مۇسۇلمانلارغا قانداق ۋەهشىيلىكلەرنى قىلدى، قارا زۇلمەتلىك كۈنلەرنى بېشىمىزغا كەلتۈردى. بىزنىڭ كاتتا ئالىم، دىنى رەهبەرلىرىمىز، باي سودىگەرلىرىمىز، مويسىپىت هاجى هەرەمەين يۈرت ئاتىلىرىمىز، ۋەتەنپەرۋەر

قالدۇقلىرىنى قوغلاپ يۈرۈپ، بىر - بىرلەپ چېپىپ تارمار قىلدى. خىتاي ۋەھشىيلىرى بىز مۇسۇلمانلارنى قەستلەپ قازغان ئورىلىرىغا ئۆزلىرى مەغلۇپ بولۇپ يىقىلدى. «زۇلۇم قىلغۇچىلار ئۆزلىرى قالماي قايسى جايغا قايتىدىغانلىقىنى بىلىدۇ»، دېگەن ئۇلۇغ ئايەتكە مىسال بولدى. دۈشمىنىمىزنى يەنى زالىم خىتاي ھاكىمىيىتىنى ئىلى تۇپرىقىدىن پۈتۈنلەي تازىلاپ، ھەققانىيەت، ئادالەتكە ئاساسلانغان ئىسلام دۆلىتىمىزنى قۇردۇق. ھەر ياخشىلىقنىڭ ئىشىكى پۈتۈن خەلقنىڭ يۈزىگە ئېچىلدى. دىنىي ئىشلىرىمىزغا نازارەت قىلىدىغان دىنىي ئىدارىنى قۇردۇق. مۇسۇلمانلارنىڭ پۈتۈن ئىشلىرىنى، داۋا، سوراقلىرىنى ئادالەتلىك شەرىئەت ھۆكمىگە تاپشۇردۇق. مۆھتەرەم زەرىپ قارى ھاجىم جىنابلىرىنى ئۆلىمالار ھەيئىتىگە رەئىس قىلدۇق. ئابدۇلمۇتتەلىپ خەلىپىتىمنى دىنىي نازارەتكە مەسئۇل قىلدۇق. ئىسلام ئېچىلدى، شەرىئەت ھۆكۈملىرى جارى بولدى. قارا كۆڭۈللەر ئاقىرىشقا باشلىدى. ھەقىقەت ئاشكارا بولۇپ مەيدانغا چىقتى.

ئەزىز قېرىنداشلار!

ئاگاھ بولۇڭلاركى، غەپلەت ئۇيقىسىدىن كۆز ئېچىپ ئويغىنىش ۋاقتى كەلدى. ئالدامچى خىتايلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىپلاس يالاقچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ چوڭ مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن باشقا چارە تاپالماستىن سادا كۆڭۈللۈك مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئارىلىرىغا

بىرلىك - ئىتتىپاقلىق شەرپىگە ئىگە بولغان، «كۆپنىڭ كۈچى ئاللاھنىڭ كۈچى» دېگەندەك، ئاز كۈن ئىچىدە زالىم خىتاينىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئىسلام ھۆكۈمىتىمىزنى قۇردۇق. خىتاي قانخورلىرىنىڭ زۇلۇم ئىستىبدات بايراقلىرىنى ئاياق ئاستىمىزغا ئېلىپ دەسسەپ كۆيدۈردۇك. ئەجدادلىرىمىزدىن مىراس بولۇپ قالغان ئاييۇلدۇزلۇق تامغىسى بولغان دىنىي شۇئارىمىز «كەلىمە تەييىبە» يېزىلغان ئادالەتلىك ئاق بايرىقىمىزنى ئىگىز كۆتەردۇق. بۇ مۇقەددەس تۇغ بايرىقىمىزنىڭ نامۇسىنى، ھۆرمىتىنى ئۇلۇغلىقىنى ئەبەدىي ساقلايمىز، دەپ پۈتۈن مۇسۇلمانلار قەسەملەر ئىچىپ، قوللىرىمىزغا قورال ئالدۇق. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ، «زالىملارغا قارشى مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن ئايىماي سوقۇش قىلىڭلار، ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن دۈشمەنلىرىڭىزنى يېڭىپ، دۇنيادا راھەتكە، ئاخىرەتتە جەننەتكە ئېرىشىسىز»، دېگەن مۇبارەك سۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئۇنىڭ ياخشى نەتىجىلىرىنى كۆردۇق. يېڭى زامان قورالى بىلەن قوراللانغان زالىم خىتايلارنىڭ چېرىكلىرى گۆلدۈرلىگەن تەكبىر سادالىرىمىز بىلەن قىلغان ھۇجۇملىرىمىز ئالدىدا بەرداشلىق بېرەلمەي، پەرىشان ھالدا قېچىشقا باشلىدى. ساي - سايلاردا، جىرا - جىرالاردا ۋەتەن بالىلىرى، قەھرىمان ئەسكەرلىرىمىز زالىم خىتاي چېرىكلىرىنىڭ

كىلەلمەي چىن ئەمەلدار - پادىشاھلىرى ئۆز ۋەتەنلىرىنى قوغداش مەقسىتىدە ئۈچ يېرىم مىڭ كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا بولغان جايۇەن سېپىلى - سەددىچىننى ياساپ، لاچىندىن قاچقان تۇشقاندەك سېپىل ئىچىگە كىرىۋېلىپ، ئاران جان باققانلىقىنى ئۇنۇتمىسۇن. بۇ ھەقىقەتنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇياتسىز يازغۇچىلىرى يوشۇرسىلارمۇ، پۈتۈن دۇنيا تارىخى بۇ ھەقىقەتكە گۇۋاھلىق بېرەلەيدۇ. كونىنى ئېتەك بىلەن ياپقىلى بولمايدۇ. زالىم خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شۇم قەدەملىرى شەرقىي تۈركىستانغا يېتىپ كەلگەندىن بۇيان شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۈچ تۈرلۈك قارا دەۋرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. بۇلار 1 - خانلىق دەۋرى، 2 - جاھانگىرلىق دەۋرى، 3 - شىڭشىسەي دەۋرىدۇر. 1 - دەۋر بولغان خانلىق دەۋرىدە، مۇسۇلمانلار قاراڭغۇلۇقتا، قارا پاتقاق ئىچىدە، نەچچە يۈز يىللاپ جان تالىشىپ، ئىلىم ھۈنەردىن، ئەدەپ - ئەخلاقتىن پۈتۈنلەي يىراقلاشتى. بۇ دەھشەتلىك كۈنلەر، قاراڭغۇلۇق ئەسىرلەر پەقەت شەرقىي تۈركىستان تۆپىرىقىدىلا بولماستىن، بەلكى پۈتۈن خىتاي تۇپرىقىدىمۇ ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. بۇنداق قارا دەۋرى ھۆكۈمىتى بولغان زالىم ۋەھشىيلەر بىز مۇسۇلمانلارغا نېمىلەرنى بېغىشلىدى. نېمىلەرنى يادىكار قالدۇردى؟ قايسى مەدەنىيەت، قايسى ھۈنەر - سانائەتنى ئۆگەتتى؟ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ

پىتنە ـ ئىغۋا تارقىتىشى مۇمكىن.

قېرىنداش ۋە باشقا ۋەتەنداشلار!

ۋەھشىي دۈشمەنلەرنىڭ، ۋەتەن خائىنلىرىنىڭ ھەرخىل، ھەر شەكىلدىكى زەھەرلىك ھىلە ـ مىكىرلىرىگە ئالدانماسلار، بىز مۇسۇلمان ۋە باشقا ۋەتەنداشلار ئىتتىپاق بولۇپ، مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنى قۇرۇپ، پۈتۈن مىللىتىمىز ۋە ئەۋلادىمىز ئۈچۈن ئازاتلىق يولىنى ئاچتۇق. پاقلان قوزىنى يەپ ئادەتلەنگەن ئاچ بۆرىدەك، نەچچە يۈز يىللاپ مۇسۇلمانلارنىڭ قېنىنى شوراپ، ئۇنىڭ تەمىنى تېتىپ كەلگەن زالىم خىتاي ھۆكۈمىتى ئەلۋەتتە بۇنىڭغا رازى بولمايدۇ. دىنىنى، مىللىتىنى، ۋەتىنىنى ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئىتى ئۈچۈن قۇربان قىلغان خىيالپەرەس، ۋىجدانسىز، ھىممەتسىزلەر بۇ ئىشقا چىدىيالمايدۇ.

«شىنجاڭ نەچچە يۈز يىللاردىن بېرى جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر ئۆلكىسى بولۇپ كەلگەن»، دەپ ئۇيالماستىن مۇشۇنداق يالغان سۆزنى ئويدۇرۇپ، تارىخ يۈزىنى قارا قىلغۇچى قارايۈزلەر تۆۋەندىكى ھەقىقىي پاكىتلىق سۆزلەرنى ئۇبدان ئاڭلاپ ئېسىدە مەھكەم تۇتسۇن!

شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ قەھرىمان ئەجدادىنىڭ قىقاس، چوقانلار بىلەن قىلغان ھۇجۇملىرىغا، توختاۋسىز بەرگەن زەربىلىرىگە چىدىيالماي، تەڭ

قايغۇلۇق كۈنلىرىنىڭ يادەمچىسى، قوشۇمچىسى بولۇپ كەلدى. بو دەۋردە زالىم خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قىلغان ۋەزىپىسى خانلىق دەۋردىكى مۇسۇلمانلارغا قىلغان زۇلۇم، سەتەملىرىنى تەقدىرلەش ۋە تولۇقلاش بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بو قارا دەۋردە ياشىغۇچى مۇسۇلمانلار جانتالىشىپ يۈرۈپ، ئۈچىنچى دەۋرگە ئارانلا ئېرىشتى. ئۈچىنچى دەۋرىنى - شىڭ دوبەن ئىستىبدات دەۋرى، ئالدامچىلار دەۋرى ياكى قانخورلاردەۋرى، دەپ ئاتىساق ئەلۋەتتە خاتالاشمىغان بولىمىز. چۈنكى پۈتۈن مۇسۇلمانلار ۋە باشقا ۋەتەنداشلار بۇ ئۈچ تۈرلۈك دەھشەتلىك ئەھۋالنى بېشىدىن كەچۈردى. بۇ دەۋرىنىڭ كەلتۈرگەن قانلىق پاجىئەلىرى، دەھشەتلىك كۈنلىرى، زىزۇلۇم - ئىستىبداتلىرى ئالدامچى قانخورلارنىڭ قىلغان ۋەھشىيلىكلىرى ھەركىمنىڭ كۆز ئالدىدا بولۇپ تۇرغانلىقتىن ۋە كۆڭۈل سەھىپىلىرىگە يېزىلغان ئۆچمەس خەت بولغانلىقتىن يەنە تەكرار ئېيتىپ ئولتۇرۇشنى خالىمىدىم.

مۇسۇلمان قېرىنداشلار ۋە ۋەتەنداشلار!

ئەمدى شۇ قەدەر ئىشلار كۆز ئالدىمىزدىن ئۆتۈپ تۇرۇقلۇق، بېشىمىزدىن ئۆتكەن تەرجىمىھاللارنى كۆرۈپ تۇرۇپ، يەنىمۇ ئالدانساق، ۋەھشىي دۈشمەنلەرنىڭ ئالدام خالتىسىغا تېخىمۇ چۈشسەك، ۋىجدانسىز خائىنلارنىڭ ياغلىما سۆزلىرىگە ئىشەنسەك، ئۆزىمىز ۋە

بەخىت ـ سائادىتىنى جۇڭگونىڭ قولىغا تاپشۇرغۇچى، ئۆزىنىڭ ۋە پۈتۈن مىللىتىنىڭ تەقدىرىنى جاڭگەيشىنىڭ ئىلتىپاتىغا باغلىق، دەپ بىلگۈچى دىن ۋە مىللەت خائىنلىرى بونىڭغا جاۋا بېرەلەمدۇ؟ ئۇياتماستىن شەھەر ـ شەھەرلەردىكى كونا سېپىللار، ھەر يۇرتتىكى بۇزۇلغان كونا پاسكىنا يامۇللار قالدىغۇ، دەيدۇ. ئەدەپ ـ ئەخلاق، دىيانەت تەرىپىدىن بىز مۇسۇلمانلارغا قىمارۋازلىق، ئوغورلۇق، يالغانچىلىق، نەشكەشلىك، ئەپيۇن كەشلىك، پاھىشە ۋازلىق، قورقۇنچاقلىق، پاسكىنىلىق، قىسقىسى، پۈتۈن ئەخلاقسىزلىقلارنى ئۆگەتتى. مانا شۇلارغا ئوخشاش ھاياتىمىز ئۈچۈن زەھەر بولغان ئىپلاسلىقلارنى ۋەتىنىمىز ۋە خەلقىمىزگە يادىگار قىلىپ قالدۇرۇپ كەتتى.

ئىككىنچىسى، جاڭجۇڭلۇق يەنى جۇڭخۇا مىنگولۇق دەۋرى. جۇڭخۇا مىنگو دىگەن خىتايچە، جۇمھۇرىيەت دىگەن بولىدۇ. جۇمھۇرىيەت قانۇنىدا پۈتۈن خەلق ھوقۇقتا باراۋەر بولۇپ، كىمنىڭ قابىلىيىتى بولسا، شۇنىڭغا خىزمەت تاپشۇرۇش لازىم بولسىمۇ، لېكىن ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە خىتايدىن باشقا كىم ئورۇنلاشتى؟ ئۆزىمىزلا ئەمەس، ھەتتا قەلىمىمىز ۋە مەدەنىيىتىمىزمۇ زالىم خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىدارىلىرىدە ھاقارەتلەندى، دەپسەندە قىلىندى. بو دەۋرىمۇ ئالدىنقى دەۋرنىڭ قاراڭغۇلۇق تونلىرى،

ئازاتلىقى ئۈچۈن قىلغان سوقۇشىنى، ھەر بىر مەدەنىيەتلىك، چەلقچىل، ئىنسانپەرۋەر ھۆكۈمەتلەر ھەقسىز، ئورۇنسىز، دەپ تونىمايدىغانلىقىغا ئىمانىمىز كامىل. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ باشلىقى جاڭ گەيشى قانچىلىك كۈچ - غەيرەت تاپقان بولسا، ئۆز ۋەتەنلىرىگە باستۇرۇپ كىرگەن دۈشمەنلىرىگە قارشى ئۇرۇشۇپ، ئۆز ۋەتەنلىرىنى قايتۇرۇپ ئېلىشى لازىم. بىز شەرقي تۈركىستان خەلقى ئۆز ۋەتىنىمىزگە ئۆزىمىز ئىگە بولالايمىز. ئۆز ئانا ماكانىمىز، ئۇنۇملۇك تۇپرىقىمىزنى بىرتامچە قېنىمىز قالغۇچە ساقلاپ قالىمىز. ئۆزىنىڭ ھەم مىللەتىنىڭ ھاياتىنى، بەخت - سائادىتىنى ئۈجۈڭشىڭ، پۇجۇڭشىڭلارنىڭ ئىلتىپاتىغا تاپشۇرغۇچى ئۈمىدسىز بىھىممەتلەرگە ھېچقانداق يول قويمايمىز. دىن ئىسلامنىڭ ھەقلىقى، تۇتقان يولىمىزنىڭ راستلىقى ئۈچۈن ئەلۋەتتە دۈشمەنلىرىمىزنى شەك - شۈبھىسىز يېڭەلەيمىز. بىزگە ئاللاھ ياردۇر. مۇسۇلمانلار، دىنى قېرىنداشلار، ئاگاھ بولۇڭلار، دانا بولۇڭلار! پات پۇرسەتتە غەلىبىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چېكىگە يېتىپ، زالىم خىتاي ھاكىمىيىتىنى ئانا ماكانىمىز، ئەسلى ۋەتىنىمىز شەرقي تۈركىستان تۇپرىقىدىن تۈپ تۈمۈرى بىلەن يۇلۇپ تاشلايمىز. پۈتۈن شەرقي تۈركىستان خەلقى قۇللۇقتىن، ئەسىرلىكتىن ئازات بولۇپ، مۇندىن كېيىنكى نەسلىمىزنى، ئەۋلادىمىزنى ئازاتلىققا چىقىرىپ، مەدەنىيەتلىك ئىنسانلار قاتارىدا

ئەۋلادىمىزنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى، بىز مۇسۇلمانلارنىڭ هالاكىتىگە ئورا كولاپ ماراپ تۇرغان دىن دۈشمىنى، ئاللاھ دۈشمىنى، خەلق دۈشمىنى بولغان جاڭ گەيشىنىڭ «ئىلتىپاتىغا» تاپشۇرساق، ئۆزقولىمىز بىلەن زەھەر ئىچكەن، ئۆز پۇتىمىزغا پالتا چاپقان بولمايمىزمۇ؟ «يىلان چىققان تۆشۈككە قول سالماڭلار، زالىملارغا دوست بولماڭلار» دېگەن ئاللاھنىڭ ئەمرىگە، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرىگە قارشىلىق قىلغان بولۇپ، ھەر ئىككى دۇنيادا بىز مۇسۇلمانلارنىڭ يۈزىمىز قارا بولمامدۇ؟

ئەمدى بىزمۇسۇلمانلار ھېچقاچان ئالدانمايمىز. يىلان چىققان تۆشۈككە كۆرۈپ تۇرۇپ قول سالمايمىز. ئەڭ ياخشىسى خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستان زېمىنى ئۈستىدە ئويلىغان ھاكىمىيەت خىيالىنى مېڭىسىدىن چىقىرىپ تاشلاپ، ئۆزلىرىنىڭ ئانا ماكانى، ئەسلى ۋەتەنلىرى بولغان شىمالى جۇڭگونى ياپونلارنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇپ ئېلىشنىڭ چارىسىنى قىلسۇن! ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ باي، ئەڭ گۈزەل جايلىرىنى، باغۇ بوستان تاغلىرىنى ياپونغا تاپشۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئەسلى ۋەتىنى، ئانا ماكانىغا باسقۇنچىلىق قىلىشتىن ئۇياتسۇن! ئىلىمسىز، مەدەنىيەتسىز خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئىستىبدادى ئاستىدا نەچچە يۈز يىللاپ ئېزىلىپ، يەنچىلىپ كەلگەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ 95 % پىرسەنت خەلقىنىڭ

ھوقـۇقىمىزغا، ۋەتىنىمىزگـە ئىگـە بولـۇپ، ئىسـلام دىنىمىزنى قوغداپ، بۇ دۇنيادا راھەتتـە، ئۇ دۇنيادا جەننەتتـە ياشـايمىز. مەقسـىتىمىز بـۇ. ئەسسـەلامۇ ئەلەيكۇم.

ئىلىخان تۆرەم

1945- يىلى چۆچەك

ۋەتەندۇر تەخت، ۋەتەندۇر بەخت، ۋەتەنسىز ئامىتىڭ ماغزاپ،
ۋەتەن قانات، ۋەتەن تۇلپار، ۋەتەنسىز ئەر قالار ئاقساپ.
ھەشەمەتلىك روزىغار، شۆھرەت ياراشماس بولمىسا ئۆز يۇرت.
بۆلەك ئەل مىسلى بىر ئەلگەك چىقارغاي ئاقۋەت تاسقاپ.

ۋەتەن ئۇل ئۇستىخان، قاندۇر، ھاياتلىق ئىچرە ھەم جاندۇر،
ۋەتەن گەر بولمىسا دىلدا تىرىكلىك كۆركى يالغاندۇر.
قىيامەت جەبرى مىڭ ئەۋزەل ۋەتەنسىزلىك بالاسىدىن،
ۋەتەن ئەڭگۈشتىرىن بىلمەك كىشىگە تۇنجى ئىرپاندۇر.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىن